ئابدۇرېھىم زۇنۇن



# بۇلاقتا سىرداش خىياللار

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى



ياش شائىر ئابدۇرېھىم زۇنۇن 1962 - يىلى ئاپرېلدا قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ بۇلاقسۇ يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1984 - يىلى خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىنىڭ تىل ئەدەبىيات كەسپىنى پۈتتۈرۈپ، ئانا مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن. 1991 - يىلدىن 1993 - يىلغىچە شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ تولۇق كۇرس سىنىپىدا ئوقۇغان. ئۇ ھازىر خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ.

ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى 1982 - يىلى باشلانغان بولۇپ، ھازىرغىچە 400 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر، ئىلمىي ماقالە ۋە ئوبزورلىرى ئېلان قىلىنغان.

ئابدۇرېھىم زۇنۇن

# بۇلاقتا سىرداش خىياللار

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: قۇربان ھاشىم
مەسئۇل كوررېكتورى: ھۆسەيىنجان ئەسقەرى
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

# بۇلاقتا سىرداش خىياللار

ئاپتورى: ئابدۇرېھىم زۇنۇن

---

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى №14، پوچتا نومۇرى: 830046)
«قەشقەر گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1168×850م م، 1/32، باسما تاۋىقى: 5.5
2000 - يىل 9 - ئاي 1 - نەشرى
2000 - يىل 9 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىرازى: 3500 — 0001

---

ISBN 7 — 5631 — 1274 — X/I・208
باھاسى: 9.50 يۈەن

# مۇندەرىجە


يۈرىكىم ئاچ، ئەمما كۆزۈم توق .......................... 1
كەلدىم .............................................. 2
سۆي ................................................ 2
ھېيت كۈنى ........................................... 3
بىزار بولدۇم ........................................ 4
مېۋە ۋە تەر .......................................... 5
مىراس .............................................. 5
كىشى ۋە كەسىپ ....................................... 6
كۆڭۈل .............................................. 7
ۋىسال ئالدىدىكى خىيال ................................ 7
ئانىلارنىڭ ئارامىنى بۇزماڭلار .......................... 8
شائىر — ئۇ .......................................... 9
يەر — كۆزۈمنىڭ قارىچۇقى ............................. 10
پىلە قۇرتى .......................................... 10
ئۈمىدلىك يول ........................................ 11
ئىككى غەزەل ......................................... 12
ئالدىدا (تەخمىس) ..................................... 13
غەيۋەت (تەخمىس) ..................................... 15
كۆرۈپ (تەخمىس) ...................................... 16
قىزلار .............................................. 19
سەھەر .............................................. 19
سەنسىز .............................................. 20

سېغىنىپ ...................................... 21
چوڭلارغا ...................................... 22
بىز ...................................... 23
ئوغلۇمغا ...................................... 23
ھەسەت سۆزلەيدۇ ...................................... 24
دادامغا ...................................... 25
تەسەللى...................................... 26
جان ئانا ...................................... 27
بۇلاق ۋە سۆيگۈ ...................................... 28
قار چاچقۇسى ...................................... 29
تۈن لىرىكىسى ...................................... 29
ۋەتەن سەندە ...................................... 30
توي تەسىراتى ...................................... 31
ۋاقىت — ئۆمۈر ئوغرىسى ...................................... 32
قوش يۈرەك ...................................... 32
ئەلۋىدا ...................................... 33
كەل، سۆيۈپ قوي، بۇ سېنىڭ بالاڭ...................................... 33
بۇ قانداق ئىچىش...................................... 34
پەسىللەر سۈرىتى (چاتما) ...................................... 35
نۇرلۇق سەپەر ...................................... 38
سەبىيلەرگە ...................................... 40
يۈرىكىمنى ئورىدى شادلىق ...................................... 40
كەپتەرگە قاراپ ...................................... 41
شېئىرغا تەبىر ...................................... 42
قىش سەھىرى ...................................... 42
نورۇز نەزمىسى ...................................... 43
يېرىڭ ئوتمۇ، يۈزۈڭ ئوتمۇ ...................................... 44
گىگانت ئادەم ...................................... 44

خىياللاردىن تۆرلەر خىيال .......................... 45
خىيال قۇشۇم گۆھەر تېرىدۇ .......................... 46
گۇل بەرگىدە ئېرىپ كەتتى كېپىنەك .................. 46
ئۆرلە ئۇرۇمچى .......................................... 47
بۇ دۇنيادا بىر جۇپ گۆھەر بار ...................... 48
باچكامغا «دان» بەرگەندە .............................. 49
يۈرىكىمدە تۇغۇلغان بوۋاق ............................ 49
باھار قۇردى باغلاردا بەزمە .......................... 51
مەن ۋە ۋاقىت .......................................... 51
جانىجان دېھقان ........................................ 52
يالقۇنلىغان ئوتلۇق نەپەسلەر (چاتما) .............. 53
تەڭرىنىڭ جاۋابى ........................................ 61
سۆيگۈ نەزمىلىرى ........................................ 61
ئوغلۇم ۋە ئاتا - ئانام ................................ 70
بىر سەبىينىڭ نالىسى .................................... 70
گۈزەل تۇيغۇلار .......................................... 71
ئىجادىمنىڭ چىن ھەمراھىسەن ........................... 72
پاسىبانىم، باشپاناھىم ئۆز ئېلىم ...................... 73
غەزەللەر .................................................. 74
گۈلگۈن گۈلدەستە ........................................ 82
مەن ۋەتەننى كۈيلىدىم قىزغىن ........................ 101
سۆيگۈ بىلەن .............................................. 102
كۆزۈڭ سۆزلەر كۆڭۈل سىرىڭنى ......................... 102
سەن ئەمەس ۋېناس ........................................ 103
جامالىڭدا رەڭ ئېچىپتۇ گۈل ............................ 104
يەم بولدى چىن سۆيگۈم ھەۋەسكە ...................... 105
تارىخنى يازار ھەر ئادەم ................................ 106
باشلىقىمغا خەت .......................................... 107

ئۆپچۆرەمدە ئالتۇن قەلبلەر ........................ 108
شەپەرەڭگە ياقمىدى بۇ ھال ........................ 108
ئىزگۈللۈككە تەشنا بارچە جان........................ 109
...ۋەزنى بولمىغاچ ........................ 110
ئەتە ئۇچۇن بۇگۇن غەم يېدىم........................ 111
تاڭ ئىستەكلىرى ........................ 112
يۇرتۇم ........................ 113
ئۆزگىلەرنى يىغلاتمىدىم، يىغلىدىم ........................ 115
ئارمان ........................ 115
نادانغا بىر سۆز ........................ 116
كۇل بۇگۇن........................ 117
ھىممىتىڭگە باغلىق قىممىتىڭ........................ 118
نورۇز ئىلھامى........................ 119
يۇزلىرىمگە تەگدى بىر كاچات........................ 121
كۆڭلۇم بەك يېرىم ........................ 122
كەچۇر مېنى........................ 123
مۇئەللىم ........................ 123
شائىرلىقىمغا ئىزاھات ........................ 127
دۇنيا........................ 129
ئۆز رەڭگى دۇنيانى كۆرمەك تەس ئەمەس ........................ 129
«راخمان» مېنىڭ نام - ئىتىم ........................ 130
ھەسەتخورغا ........................ 131
ياشلىق ........................ 133
باھار ئانامنى ئەسلەتتى........................ 133
سەھرانى سېغىنىش ........................ 134
ئۇدۇمىڭنى ماڭا بەر، بوۋا ........................ 135
كىتاب ........................ 136
مەجرۇھ ئەقىدە ........................ 137

هايات بىر چۆش .................................. 137
قۇتلۇق كۈن خاتىرىسى ........................ 138
ئوت ۋە نان .................................... 139
كەملىك قىلار بىر نەرسە ماڭا.......................... 139
ساڭا چىلىڭ باغلاندى دىل رىشتىم، خوتەن ................ 141
سەھرا گۈزىلى .................................. 143
بىر تىزىق مارجان .............................. 144
رۇبائىيلار ...................................... 147
تۇيۇقلار ........................................ 160
تەجنىسلەر ...................................... 166

# يۈرىكىم ئاچ، ئەمما كۆزۈم توق

ئۇنتۇساممۇ سېنى ئوڭۇمدا،
چۈشلىرىمدىن بەزدۇرەلمىدىم.
كۆز نۇرۇمغا سىڭگەن تۇرقۇڭنى،
يۈرىكىمدىن تەزدۇرەلمىدىم.

زېرىكىپتۇ يالغۇز بېشىمدىن،
بىر جۈپ يۈرەك چېكىملىگەن ياستۇق.
بۇ شەھەردە گۈزەللەر تولا،
يۈرىكىم ئاچ، ئەمما كۆزۈم توق.

زارلانمايمەن سەندىن زادىلا،
بۇ ئۆزۈمنىڭ شورلۇق قىسمىتىم.
ئۈۋىسىغا تەلپۈنگەن قۇشتەك،
تەلمۈرىدۇ ساڭا يۈرىكىم ...

سېنى تولا ئويلاپ، ۋاقىتسىز،
ئاي نۇرىدىن رەڭ ئىچتى چېچىم.
ئۇنتۇلمىقى مۇمكىن ئەمەسكەن،
سەندەك ئېسىل خۇيلۇق، خۇش پىچىم.

1993 - يىل 5 - ئاپرېل، ئۈرۈمچى

# كەلدىم

نە ئارمان بۇلاقىڭدىن ئىچىپ سۇ، قانغىلى كەلدىم،
ئىلىم - پەن ئىشقىدا مىسلى چوغ بولۇپ يانغىلى كەلدىم.
دىلىمنىڭ رىشتىسى مەھكەم چېگىلدى بۇ قەدىم يۇرتقا،
ئىجادكارلار ئىزى بويلاپ، يۇرۇشكە ماڭغىلى كەلدىم.
مۇبارەك، ئەي يىگىت كەلگىن دېدى، ناخشا - ئۇسسۇل يۇرتى،
بۇ دەم بەزمە تۈزۈپ ياڭراق دۇتارىم چالغىلى كەلدىم.
ھۈنەر-سەنئەت بىلەن بۇ يۇرت قازانغان كاتتا شان - شۆھرەت،
شۇ شۆھرەت كانىدىن ئالتۇن - گۆھەرلەر قازغىلى كەلدىم.
ئەمەس سەيياھ كۆرۈپلا مەن كېتەرگە بۇ گۈزەل يۇرتنى،
يېڭىش تۇلپارىنى ئۆتكەل - داۋانغا سالغىلى كەلدىم.
سۈزۈك قاشتاشقا گەر قىلسام قىياس ياشلىق بۇ دەۋرىمنى،
شۇ ياشلىق تارىخىنى شان - ئۇتۇقتىن يازغىلى كەلدىم.

1981 - يىل 1 - ئۆكتەبىر، خوتەن

# سۆي

ئەل ئوتىدا تەڭ كۆيۈپ ھەم سۇيىدە ئاققاننى سۆي،
دەردىگە دەرمان بولۇپ مېھرى بىلەن باققاننى سۆي.
مەرىپەت قورغانلىرىغا ئات سېلىپ، تاغ ئاتلىغان،
كەشپىيات ئىشقىدا قەلبى بىر ئۆمۈر گۈلخاننى سۆي.
مەنىسىز ئۆتسە كۈنۈڭ يەيسەن پۇشايمان ئاقىۋەت،
مېھنىتى - ئەجرى بىلەن گۈللەپ روناق تاپقاننى سۆي.

بولمىغىن شەيدا ياسانچۇق، غايىسىز، مىشچانغا سەن،
سۆي، پەقەت مېھنەت تېرىنىڭ قەنتىنى چاققاننى سۆي.
ئىشقىنى بەرگەن بىلىمگە، پەن ئۇچۇن تەر ئاققۇزۇپ،
يۈكسىلىشنىڭ ئاسمىنىدا چاقنىغان چولپاننى سۆي.
ئەل ئۇچۇن ئاقسا ئەگەر تەر ئۇنى ئۇنچە، زەر بىلىپ،
تاغ كېسىپ پەرھاد كەبى چۆللەرنى باغ قىلغاننى سۆي.
تۆت بۈيۈك مەنزىلگە دائىم تاڭ ئاشۇرۇپ تولپارىنى،
جەڭگىۋار سەپلەردە تىنماي بەسلىشىپ ماڭغاننى سۆي!

1982 - يىل 2 - ئاپرېل، قەشقەر كونا شەھەر

## ھېيت كۈنى

قىز - يىگىتلەر ياسىنىپ چىقتى چىرايلىق ھېيت كۈنى،
يەر ـ كۆكنى قاپلىدى چەكسىز خۇشاللىق ھېيت كۈنى.
تاڭ سەھەردە ئاقتى توپ - توپ ئەل شەھەرگە سەل كەبى،
ۋېلىسىپىت، موتو مىنىپ، پىكاپ ۋە ئاتلىق ھېيت كۈنى.
ياڭرىدى سۇناي ئۈنى كۆكنى قۇچۇپ ئالەم ئارا،
بولدى تەڭكەش ناغرىمۇ، ياڭراپ يېقىملىق ھېيت كۈنى.
بولدى توي، توي ئۈستىگە كۈلكە يېغىپ ئەل چېھرىدىن،
زوق بىلەن سالدى ساما يايراپ خالايىق ھېيت كۈنى.
دىلبىرىممۇ كەلدى قۇتلاپ، بۇ قۇتلۇق ھۆر مەرىكىنى،
ھەر مىنۇت، ھەربىر سائەتلەر ئۆتتى تاتلىق ھېيت كۈنى.
يىلدا بايرام، يىلدا قوش ھېيت ئۆيىنشار ئەل شادلىنىپ،
مەرىپەتنىڭ نۇرىدىن تاپقاچ نىجاتلىق، ھېيت كۈنى.

1982 - يىل 5 - مارت، قەشقەر

# بىزار بولدۇم

سۆزۈمنى ئاڭلا ئەي دىلبەر، سېنىڭدىن بەك بىزار بولدۇم،
ئۆزى ئەمگەكتە تاۋلانغان قولى چاققانغا زار بولدۇم.
گۈزەل تۇرقۇڭغا كۆيگەنمەن، خۇيۇڭنى بىلمىگەچ باشتا،
جامائەت ئالدىدا دەرىخ بۈگۈن مەن شەرمىسار بولدۇم.
بۈگۈن ئەتسەڭ قازاندا ئاش يۇيارسەن ئەتە يا ئۆگۈن،
چىۋىن بەزمە قىلار ئۇندا، بۇ ئىشتىن ئايلىنار بولدۇم.
كىشى كۆرسە سالار بۇ ئۆي ئېسىگە ئەسكى تۇگمەننى،
يېپىشقان تور، توپا، مەينەتچىلىكتىن مەن بىمار بولدۇم.
ياتار پەگادا چاڭ باسقان لېگەن، تەخسە، چىنە، پەتنۇس،
يىغىلماس كۆرپە - يوتقانمۇ ... نومۇستىن ئوت ئالار بولدۇم.
بېشىڭغا تاغ غۇلار جانان يۇيۇشنى ئاڭلىساڭ كىر - قات،
ياقامنى قايرىسام سۇندى، يۇيۇلماي، خەس - چاۋار بولدۇم.
قاچانلا بولمىسام ئۆيدە ئېتىپ يەيسەن تاماق يالغۇز،
مېنى ئويلاپمۇ قويمايسەن، غىزاسىز ئاچ قالار بولدۇم.
دېسەم: بىللە ئېتىپ يەيلى، قىلاي هازىر جىمىنى تەل،
بويۇن تولغاپ دېدىڭ دائىم: «ساڭا ئىشلەپ چاكار بولدۇم.»
قاچان چىقساڭ تالا - تۈزگە قۇرۇق چاقماقتا ئوت ياقتىڭ،
ئېلىشتى نەچچىسى چاچتىن، سوراپ دەۋا، بىكار بولدۇم.
يېكەنگە ئوت كېتىپ قالسا، «كۆيۈپتۇ ئوتتا يەركەن ...» دەپ،
تاراتتىڭ شۇم خەۋەر ئەلگە، غەزەپتىن بىقارار بولدۇم.
بازارغا گەر ئېلىپ بارسام كۆزۈڭ كۆرگەننى ئال دەيسەن،
قىيامەت باشلىنار ئالماي، كىشىدىن قەرز سورار بولدۇم.
ئىشىم قىلدىن قىيىق كەتسە ياقامدىن شۇ هامان ئالدىڭ،
ماهارەت كۆرسىتىپ مايمۇن كەبى ئويناشقا دار بولدۇم.
ماڭا يات كەلدى خۇي - پەيلىڭ، بېشىمغا چۈشتى غەم تاغى،
ئۇزاق تۈنلەر چېكىپ هەسرەت، تۆكۈپ ياشلار بىدار بولدۇم.

سېنىڭدىن مەن ئەمەس ھەتتا ئۆيۈمنىڭ مۈلكىمۇ بىزار،
تېشىپ سەۋر قاچام ئاخىر بۇ ئىشلارنى يازار بولدۇم.
كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرگەن ئەجەبمۇ بىر نادانكەنمەن،
ئېلىڭلار، دوستلىرىم ئىبرەت مېنىڭدىن، خارۇزار بولدۇم.

1983 - يىل 15 -، 16 - ئاۋغۇست، خوتەن

## مېۋە ۋە تەر

باغنى باغۋەن قىلىدۇ پەرۋىش،
كېچە - كۈندۈز ئىشقىنى بېرىپ.
مېھنىتىگە قايتۇرار جاۋاب،
مېۋىسىنى باغ بەدەل قىلىپ.

تۆككەن ھالال تەرىڭگە باغلىق،
سېنىڭ كۆپلەپ مېۋە ئېلىشىڭ.
گەپتە پاختا ئېتىپلا يۈرسەڭ،
ئېنىق گەپقۇ ئوڭدا قېلىشىڭ؟!

1987 - يىل 1 - نويابىر، خوتەن

## مىراس

مىيىقىڭدا كۈلۈپ سەن جېنىم،
كەلدىڭ ماڭا يېقىنلاپ شۇتاپ.
«تومپايلارچە بۇ دوپپا» دەيسەن،
قانداق قىلدىڭ بۇ گەپنى چىداپ.

چاقماق چاقتى مېڭەمدە شۇ گەپ،
ئۇركۈپ كەتتى ئوي قۇشۇم، ئۇزاق.
قانداق جاۋاب بېرسەن قېنى؟
ۋىجدانىمغا قويۇلدى سوراق.

دېدىم، كەچتىم سەندىن «جانانىم»،
كېچەلمەيمەن ئۇشبۇ دوپپامدىن.
چۈنكى ماڭا يالداما بولۇپ،
مىراس قالغان ئاتا - بوۋامدىن.

1987 - يىل 18 - نويابىر، خوتەن

## كىشى ۋە كەسىپ

ھەر كىشىنىڭ ئۆزگىچىلىكى بار،
ھەر كەسىپنىڭ قىممىتى، رولى.
ئوخشىمايدۇ ئەبەدىلئەبەد،
ھەر كىشىنىڭ ھاياتلىق يولى ...

بەزىلەرگە رەئىسلىك نېسىپ،
بەزىلەرگە پادىچى بولماق ...
ھەر كىشىگە لايىق كەسىپنى،
ئاتا قىلغان جەمئىيەت شۇنداق.

كەسپى، ئورنى، مەنسەپ، ئاتىقى،
ئوخشاش ئەمەس ھەممە كىشىنىڭ.
ئەمما مۇھىم ئەجىر مېۋىسى،
ئەۋلاد ئۈچۈن قىلغان ئىشىنىڭ.

مەن ۋەتەننىڭ بېغىدا باغۋەن،
تېگىشمەيمەن شاھلىقىقا ئۇنى.
چىن دىلىمدىن سۆيگەن كەسىپ شۇ،
يەتكۇزىمەن ۋايىغا شۇنى! ...

1987 - يىل 5 - نويابىر

## كۆكۇل

ياخشى كۆكۇل بىر جانان چىنە،
نازۇكلۇقىغا يەتمەس ھېچنېمە.
سۇنسا تۆھمەت تاشلىرى بىلەن،
قاداتساڭمۇ قالار دەز يەنە ...

## ۋىسال ئالدىدىكى خىيال

ئەي كۇن، ئايلار كەتكىنە تېز، كەتكىنە،
ئىز قوغلىشىپ كەلسۇن يېڭى ئاي، كۇنلەر ...
كەلسۇن پاتراق ۋىسال پەيتى — شېرىن ئاي،
ئاھ! ... باغرىغا باسسۇن مېنى شۇ تۇنلەر.

مەن تەقەززا، يارىم ماڭا ئىنتىزار،
بىزگە بىر كۇن مىڭ يىل بولۇپ تۇيۇلار.
ئۆتۈپ كەتسە جۇدالىقنىڭ بىر كۇنى،
دىلغا شادلىق دەريا بولۇپ قۇيۇلار.

قەپەستىكى تۇتقۇن قۇشتەك ئىنتىلەر،
بىر جۇپ يۇرەك شېرىن ۋىسال پەيتىگە.

زوقى تېشىپ يار قارىسا كۆزۈمگە،
مەن قارايمەن ئۇنىڭ نازۇك بەستىگە.

قوچاق ئاچتى شېرىن دەملەر بىز ئۈچۈن،
كۆلدى يۈرەك تاتلىق - تاتلىق تۈيغۇدا.
توي ئويناپمىز دوستلار چىللاپ سىلەرنى،
بۇ قىش ئۆتسە گۈزەل باھار قوينىدا.

1987 - يىل 1 - دېكابىر

## ئانىلارنىڭ ئارامىنى بۇزماڭلار

ئانىلارنىڭ ئارامىنى بۇزماڭلار،
بوۋاق يىغلاپ ئۇخلاتمىدى كېچىچە.
ئەمدىلاتىن ئىلىنغاندا كىرپىكى،
قوپتى دادا جانغا تېگىپ يېنىچە ...

ئانىلارنىڭ ئارامىنى بۇزماڭلار،
كىتاب كۆرۈپ تۈننى تاڭغا ئۇلىدى.
بېلى ئاغرىپ، بېشى قايار مۇشۇدەم،
ئۇ بىلىمنىڭ قۇدۇقىنى كولىدى.

ئانىلارنىڭ ئارامىنى بۇزماڭلار،
ئۇخلىۋالسۇن، ئۇلۇغ ئىنسان — ئانىلار.
ئانا بولۇپ ئۆتۈسىلەر سىلەرمۇ،
ئەي، بۈگۈنكى قىزلار — ئوماق بالىلار.

1987 - يىل 21 - دېكابىر

# شائىر — ئۇ ...

شائىر — ئۇ مىللەتنىڭ تىلى، قۇلىقى،
شائىرنىڭ ساداسى — ئەلنىڭ ساداسى.
ئۇ ئەلنىڭ يۈرىكى — پۈتمەس بۇلىقى،
ئۇ ئوتلۇق كۆزلەرنىڭ قارىچۇق، زىياسى ...

شائىر — ئۇ زېمىننىڭ ئەركە سەيياھى،
ئايلىنار ئالەمنى مەردانە كېزىپ.
يۈرىكى گۈزەللىك شەيداسى ئۇنىڭ،
چىقىدۇ ئاجايىپ سۈرەتلەر سىزىپ ...

شائىر — ئۇ گۈلخانى ئۈمىد، ئىشەنچنىڭ،
ياقىدۇ دىللارغا ئۈمىد چىرىغى.
ئۇ چاچقان ھەر ئۇرۇق چىقار بىخ سۈرۈپ،
چېچەكلەپ دىماغنى يارار پۇرىقى!

شائىر — ئۇ يېڭىشنىڭ غەلىبە بايرىقى،
ئۇ تۇتقان زەر قەلەم ئوت ئاچقۇچ قورال.
ئۇ تىزغان ھەر مىسرا — جەڭگىۋار قوشۇن،
كۆڭۈللەر شەھىرىنى قىلىدۇ قامال ...

شائىرنىڭ يۈرىكى — پۈتمەس بىر دېڭىز،
ئۇنىڭدا مىڭ ئوكيان ئۆركىشى مەۋجۇت.
زەر قەلەم تەۋرەيدۇ — تەۋرەيدۇ دۇنيا،
ھەرىكەتسىز دېڭىزنى قاپلار مۇز ۋە جۇت.

1988 - يىل 13 - فېۋرال

## يەر — كۆزۈمنىڭ قارىچۇقى

مەن ئەزەلدىن يەرنىڭ ئاشىقى،
يەر ئىشقىدا لاۋىلداپ كۆيگەن.
يەر — كۆزۈمنىڭ نۇرى، قارىچۇقى،
چىن دىلىمدىن ياقتۇرۇپ سۆيگەن.

مەن ئىشلەمچى دېھقان بالىسى،
يەرگە رىشتىم مەھكەم چېگىلگەن.
كۆز ئوڭۇمدا دادام سىماسى،
يەرگە كۈن - تۈن قان تەرى سىڭگەن ...

ئۇ چاغ بىزدىن يامانلىغان يەر،
ئەمدى ماڭا خۇش چىراي باقتى.
يەرنى باقسام تۆكۈپ ھالال تەر،
قاراڭ مانا، يەر مېنى باقتى ...

يەر باققاننى بىلىدۇ شۇنداق،
يەرنى باقساڭ باقار ئۇ سېنى.
يەرنى سۆيگىن، ئاڭا باغرىڭ ياق!
يەر بايلىقنىڭ تۈگىمەس كېنى.

1988 - يىل 5 - ئاپرېل

## پىلە قۇرتى

قاتتىق - قۇرۇق غازاڭلارنى يەپ،
چىقىرار قۇرت يۇمشاق، ئاق يىپەك.

قىز - جۇۋانلار سۆيۈنەر ئەجەب،
يىپەك كىيىم ئاچقاندا ئېتەك ...

ئىشلەپ چىققان يىپىكى بىلەن،
تور تارتىدۇ ئۆزىنى بوغۇپ ...
قۇرت شۇنداق خىسلىتى بىلەن،
يەنە ئەۋلاد قالدۇرار تۇغۇپ ...

ئۆزگىلەرنىڭ قۇت - بەختى ئۈچۈن،
ئۆز جېنىدىن كەچكەن نەدە بار؟!
پىلە قۇرتى شۇ مەقسەت ئۈچۈن،
جان بەرگەچكە قىممەت ئەتىۋار.

1988 - يىل 6 - ماي

## ئۈمىدلىك يول

پىكىر قولۋىقىدا ئولتۇرۇپ مەغرۇر،
ھېسسىيات پالىقىنى ئۇرىمەن تىنماي.
سېزىمەن قەلبىمدە ئالەمچە ھوزۇر،
قىرغاققا بارغاندا ئارقىدا قالماي ...

قاپاردى نەچچە رەت پالاق تۇتقان قول،
شادلاندىم شۇنىڭدىن، پەخىرلەندىم ھەم.
مېھنىتىم كۆرسەتتى ماڭا توغرا يول،
ئۈمىدلىك شۇ يولغا تاشلىدىم قەدەم.

1988 - يىل 1 - يانۋار

# ئىككى غەزەل

1

ئەيمىنىپ نۇرلۇق قۇياشتىن مۆكتى چولپان تاڭ سەھەر،
چۇلغىدى قەلبىمنى ئۆرتەپ زوق - ھاياجان تاڭ سەھەر.
شاد كېلىپ سۆيگەندە گۈللەر بەرگىدىن مەيىن سابا،
جىلۋىسىگە قىز - يىگىتلەر قالدى ھەيران تاڭ سەھەر.
يالتىرار شەبنەم جۇلالاپ گۈل - گىياھ ياپراقىدا،
ئۇ گويا مارجانمۇ قىز بويىنىغا ئاسقان تاڭ سەھەر.
خۇش نەپەس ئالدىم، كېرىلدىم، كەتتى ئويناپ يۈرىكىم،
ساپ ھاۋاغا قانغىلى كەلگەچكە ئىمكان تاڭ سەھەر.
بەھرىمەن ئەيلەپ دىماغنى چاچتى گۈللەر خۇش ئىپار،
خۇشبۇيىدىن ھەر نەپەس ئالدى ھۇزۇر جان، تاڭ سەھەر.
كەڭ دالاغا بىر بېقىپ بەردىم تامام مەيلىمنى مەن،
ئالدى كۆز ئىلكىگە بۇ ناخشامغا قاتقان تاڭ سەھەر.
قىلدى رام دىللارنى بۇلبۇل مىڭ تۈمەن ئەيلەپ ناۋا،
جور بولۇپ چۈشتۇم ناۋاغا مەنمۇ شۇئان تاڭ سەھەر.

2

پەرەنجە تاشلىدىڭ جانان، قۇياش يۈزۈڭ ئېچىپ چىقتىڭ،
زۇھەل، چولپان كەبى نۇرلۇق كۆزۈڭدىن نۇر چېچىپ چىقتىڭ.
بۇلۇتنىڭ قوينىغا مۆككەن نازاكەتلىك تولۇن ئايدەك،
يوشۇرغانتىڭ جامالىڭنى، بۈگۈن نازلىق بېقىپ چىقتىڭ.
چىرايىڭنى ئېنىق كۆرمەك دىلىمدا قوزغىغان ئارمان،
مۇرادىمنى قىلىپ ھاسىل، ماڭا ئىلھام بېرىپ چىقتىڭ.

چىرايىڭ زەپىران بولغان ئىدى كۆن نۇرىنى كۆرمەي،
مانا ئەمدى يورۇقلۇققا دىلىڭدىن ئىنتىلىپ چىقتىڭ.
دەۋر بەرگەندە كەڭ ئىمكان ئىلىم يولىدا ئۆرلەشكە،
يېتىپ قەدرىگە پۇرسەتنىڭ، بولۇپ فونتان ئېقىپ چىقتىڭ.
دىلىڭدەك نۇرلىنىپ چېھرىڭ قۇياشتىن نۇر ئىمىپ قانسۇن،
پەرەنجە تاشلىغاچ، جانان، يۇرەككە ئوت يېقىپ چىقتىڭ.

1987 - يىل 6 - ماي، كونا شەھەر بۇلاقسۇ

## ئالدىدا

(جېلىلىنىڭ شۇ ناملىق غەزىلىگە تەخمىس)

بەللىنىپ قالدىم بۇلاقتەك كۆز قاراقىڭ ئالدىدا،
يۇرىمەن ئىزدەپ جاۋاب مۇشكۇل سىناقىڭ ئالدىدا،
قالمىدى كاللامدا ھوش قاشىڭ - قىياقىڭ ئالدىدا،
ئەي پەرىپەيكەر، ئەسىر بولدۇم سىياقىڭ ئالدىدا،
ئوت كەبى يالقۇنلىنىپ كۆيدۇم پىراقىڭ ئالدىدا.

مەن كېزىپ چىقتىم مۇھەببەت كوچىسىن قويماي تامام،
ئاي جامالىڭنى كۆرۈپ كۆلدى يۇرەك، ئالدى ئارام،
چۆل كەبى چاڭقاق دىلىممۇ بولمىدى ھېچ بىئارام،
چىن مۇھەببەت تەڭرىسى بەرگەچ ۋۇجۇدۇمغا چىدام،
قامىتىمنى تىك تۇتۇپ تۇردۇم سىياقىڭ ئالدىدا.

نى سەنەملەرنى بىۋاق قىلچە كۆزۈمگە ئىلمىدىم ...
ئەيلىدىڭ باغرىمنى قان، دەيسەن، يۇرەكنى تىلمىدىم،
پۇرىدىم دائىم سېنى، ھېچكىمگە كۆز - كۆز قىلمىدىم،

ئېيتقىنا، ئەنبەرمۇ سەن، ئىپارمۇ سەن؟ ھېچ بىلمىدىم،
بولدىلەر قەلبىم بىھوش خۇشبۇي پۇراقىڭ ئالدىدا.

ناز ـ كەرەشمە، خۇلقىغا بىر باقمىدىم، قاش ئاتمىدىم،
كاتتا مەنسەپ، تۈگمەس بايلىققا ۋىجدان ساتمىدىم،
راست گېپى بۇ پاك يۈرەكنىڭ، زەررە يالغان قاتمىدىم،
بولسىمۇ كۆرمىڭ گۈزەل، ئۇنى ساڭا ئوخشاتمىدىم،
كۈن سۈپەت مەڭزىڭدىكى گۈلدەك زىناقىڭ ئالدىدا.

سۆيگۈنىڭ ئىنكاسى نۇر، ئوقتىنىمۇ چەندان تېز ئىكەن،
ئۇنى مەۋجۇت قىلغۇچى ئاشىق يىگىت ۋە قىز ئىكەن،
باشقا قونغاندا قىرو، ئەسلەشكە ئوبدان ئىز ئىكەن،
سۆيگۈنىڭ سېھرى كۈچى شۇنداقمۇ تەڭداشسىز ئىكەن،
لەرزىگە كەلدى ۋۇجۇدۇم ئىشتىياقىڭ ئالدىدا.

باشلىدىڭ قەلبىڭ ئۆيىنىڭ تۆرىگە، تارتتىڭ «غىزا» ،
كۆتۈرۈلدى ئاستا ـ ئاستا بىزدىكى ياتلىق، ئىزا،
چۆمۈلۈپ شەپقەتلىرىڭگە ئۆردى قەلبىم جۇش تازا،
سەندىكى مېھىر ـ ۋاپادىن يۈزدەيۈز بولدۇم رىزا،
لەۋلىرىڭنى جام قىلىپ تۇتقان شارابىڭ ئالدىدا.

ياش يۈرەكنى پاك مۇھەببەت ھەرقاچان بىر چارلىغاي،
كىم چۈشەنمەپتۇ ھاياتنى شۇ مۇھەببەت خارلىغاي،
جىسمىدىن كەتكەندە دەرمان ئۇ چۈشەنگەي، زارلىغاي،
ئەي پەرىپەيكەر، دىلىم گويا قۇياشتەك پارلىغاي،
سەن ۋىسال قەسرىدە ياندۇرغان چىراغىڭ ئالدىدا.

1988 ـ يىل 16 ـ ئاپرېل، كونا شەھەر

# غەيۋەت

(مەتتوختى ئەخمەتنىڭ شۇ ناملىق غەزىلىگە تەخمىس)

يوقالسۇن يەر يۈزىدىن نەس، قەبىھ، پاسىق، بىتاب غەيۋەت،
قىلىنسا نەدە ئۇ، شۇندا ئاشار دىشۋار شۇ تاپ، غەيۋەت،
ئېلىپ كەلدى تالاي ئاپەت، ۋابادەك كەڭ تاراپ غەيۋەت،
پەزىلەت ياخشى خىسلەتنى، ئەجەب تويماس غاجاپ، غەيۋەت،
بۇزۇپ بىرلىك شارابىنى قىلار مەينەت، ئاداپ غەيۋەت،

يېپىشقاق رودۇپاي ۋە يا ئەبەد ناپاك مەرەزدۇر ئۇ،
يولۇقسا كىم شۇ ئىللەتكە سېسىپ نامى پۈتەردۇر ئۇ،
يېقىن تۇغقان ۋە دوستلارنى جۇدا ئەيلەپ ئۆتەردۇر ئۇ،
ھەسەت تۇپراقىدىن چىققان سېسىق ھىدلىق زەھەردۇر ئۇ،
ئۇرۇلسا گەر دىماغلارغا بېرەر جانغا ئازاب غەيۋەت.

ئىناقلىق ئەلدە گۈل ئاچقاي پايانسىز چۆلدىكى تاش، قۇم،
كۆپەيسە پىتنە - ئىغۋالار سولاشقاي گۈل - چېچەك بوپ گۇم،
بېرىپ كەتكەتمىكىن شەيتان ئاشۇ غەيۋەتچىگە ئۇدۇم،
ئۇنىڭدىن كۆردى كىم خوۋلۇق، ئۆزى يەلدا[1] كەبى بەتشۇم،
قەدىمدىن ئاخىر ئەلنى قىلىپ كەلدى خاراب غەيۋەت.

قۇرۇق گەپ ساتتى يالغانچى، كېلۇر گۇمراھ، ياۋا، پاسىق،
بىرەر چوڭ، كاتتا سورۇندا قىلالماس گەپ - ناۋا، پاسىق،
پۇچۇق يارماققا ۋىجداننى ساتار، ئىزدەپ داۋا، پاسىق،
ستەمكار پۇشتىدىن تامغان مەرەزدەك بەتھاۋا، پاسىق،
نە تاپقاي قايسى ئىنساندىن ئۆزىچۈن بىر ساۋاپ، غەيۋەت.

---

① يەلدا — لۇتفىنىڭ «گۈل ۋە نەۋرۇز» داستانىدىكى بەتنىيەت سەلبىي ئوبراز.

قەدىرلەيلى ئىناقلىقنى، ئوقۇپ بۆلگۈنچىگە لەنەت،
ئۇنى ئاسرايلى قارىچۇقتەك، ئەبەدكە يەتمىسۇن زەخمەت،
ئىناق ـ بىرلىككە دىللاردىن ئېچىلسۇن مەڭگۈ گۈلگۈن بەت،
كىشىگە ھەرقاچان بىرلىك-ئۇيۇلتاش، چىن ۋاپا — دۆلەت،
شۇڭا دەيمىز: لەنەتتىن ھەر زامان تاپسۇن جاۋاب، غەيۋەت.

1988 ـ يىل 13 ـ ئىيۇل، خوتەن

## كۆرۈپ

(ئابدۇللا سۇلايماننىڭ شۇ ناملىق
غەزىلىگە تەخمىس)

تاپمىغىن ئانىي بىراۋنى قۇل كۆرۈپ،
شاھ ئۆزۈڭنى، ئۆزگىنى يۇقسۇل كۆرۈپ،
كۈچ ـ مېلىڭغا بەك ئىشەنمە مول كۆرۈپ،
يۈرمىگىن ئات ئۈستىدە سەن گۈل كۆرۈپ،
باغدا كەكلىك، تاغدا ھەم بۇلبۇل كۆرۈپ.

پاك نىيەت، ئىخلاستا تۆكسەڭ تەر ـ قېنىڭ،
يۈز ئاچار ئارزۇ ـ مۇراد، بەختىڭ سېنىڭ،
ئۇ ئەبەد پۈتمەس خەزىنەڭ ھەم تېنىڭ،
قالمىسۇن بۇنچە ئاسان كۆڭلۈڭ سېنىڭ،
بۇ سەپەرنى بەك ئۇزۇن بىر يول كۆرۈپ.

«كۆكتەمەن» دەپ كۆرمىگىن ئۆزگىنى پەس،
ھېچقاچان دەريا تىنچ ئاققان ئەمەس،

باسىدۇ بىر كۇن كۆرۇڭ، رەڭۋازنى نەس،
يۇرمىگىن چاغلاپ بىراۋنى خارۇخەس،
بىر ئۆزۇڭنى خۇش پۇراق سۇمبۇل كۆرۇپ.

باس، گۇزەل تۇرمۇشقا ماس ھەر پەدىنى،
ئويلا ئوبدان كەلگۇسىڭنى — ئەتىنى،
ئالدىراپ ئوقۇپ تۇگەتمە پەتىنى،
باشتا سەن بەرگەن ئەمەسمۇ ۋەدىنى؟
چىن مۇھەببەت شەرتىنى مەقبۇل كۆرۇپ.

ئۇچرىشىپ قالساق، تىلىڭنى چاينىدىڭ،
مېنى «ۋىجدانسىز» دېبان خوپ قاينىدىڭ،
ئەسلىدە چىن سۆيگۇگە سەن بايمىدىڭ؟
ئارىدىن بىر يىلمۇ ئۆتمەي ئاينىدىڭ،
قول تۇتۇپ ماڭماقنى بەك مۇشكۇل كۆرۇپ.

مەن دېدىم: ئىنسان گۇزەل، ئۇزدۇر جاھان،
سەن دېدىڭ: بولسا ماڭا خىلۋەت ماكان،
مەن دېدىم: تۇرمۇش ئەمەس ئۇنداق ئاسان،
سەن دېدىڭ: كۇندە چېچەك ئاچمايدۇ جان،
پۇت ئۇچىڭ ئەتراپىنى ئوڭ - سول كۆرۇپ.

يەتكۇزۇپ نۇقسان مۇھەببەت شەنىگە،
سەل قاراپ تۇرمۇش دىتىغا - پەمىگە،
ھېچ پىسەنت قىلماي تاپا ۋە تەنىگە،
كۆزنى تىكمەستىن يىراققا - ئەتىگە،
ماختىنىدىڭ قىرچاڭغۇنى دۇلدۇل كۆرۇپ.

قاپلىدى قەلبىمنى يىل ئۆتكەندە كىر،
تۇزنى تاشلاپ دەسسىدىڭ قىيسىق - قىڭغىر،
ئەل ۋە مەندىن يوشۇرۇپ كەلگەچكە «سىر»،
مىندى ۋىجدان ئۇستىگە نەپسىڭ ئاخىر،
ئۆزگىدىن بىر ئازغىنا نەپ - پۇل كۆرۈپ.

تەن - ۋۇجۇدۇڭدىن مىكىرنى ئايرىۋەت،
بۇ ئۇزۇن ئالەم، مۇرەككەپ ئاھ ... قەۋەت،
باقمىساڭ، ئۇ ساڭا باقماس تائەبەد،
چۇشۇشى بارغۇ ئۇچۇشنىڭ ئاقىۋەت،
شاخ ئاتامسەن قۇرىغان بىر غول كۆرۈپ؟!

ئەل ئۇچۇن بولساڭ ئەگەر خالىس نىيەت،
ياشلىقىڭ كەتمەس بىكار، (چاقنار ئەبەد)،
بۇ ساڭا قەلبىم تىلىدىن سۆز پەقەت،
كەچ ئەمەس ھازىرمۇ، قىلدىم نەسىھەت،
ئاچا يولدا مەن سېنى دىلغۇل كۆرۈپ.

ياشىغىن ئۆلمەي دېسەڭ، ھاتەم كەبى،
ئۆتمىسۇن غەمدە كۇنۇڭ ماتەم كەبى،
تەر تۆكۈپ ئويناشنى بىل ئايەم كەبى،
ياشىماق لازىم دۇرۇس ئادەم كەبى،
ئۆمرىگە پاكلىقنى كار - مەشغۇل كۆرۈپ.

سەپ تۇزۇپ قىلدۇق يۇرۇش قۇتلۇق سەھەر،
ئارتقا يانمايمىز پەقەت قۇچماي زەپەر،
كۇتىدۇ بىزدىن خەلق زور خۇش خەۋەر،

كەل قېنى، تۇتقىن قولۇمنى بۇ سەپەر،
تەر تۆكەيلى ئەلگە، مول هوسۇل كۆرۈپ.

1988 - يىل 26 - مارت، خوتەن

## قىزلار

قىزلار - قىزلار، چېهرى نۇرلۇق ئاي قىزلار،
ئۈمىد، ئىشەنچ، ئارزۇلارغا باي قىزلار.
بەسلىشىڭلار زاۋۇت، ئېتىز، مەكتەپتە ...
ئىش سۈرئىتى گويا دۇلدۇل - تاي قىزلار.

مېهرى ئىللىق، قەلبى ئاپتاپ - نۇر قىزلار،
چۈشتى كۆڭۈل ئېتىزىمغا كۆپ ئىزلار.
ئىجادىمنىڭ سىلەر ئىلهام مەنبەسى،
دىل تارىمغا زەخمەك ئۇرغان هۆر قىزلار ...

كار قىلالماس ماڭا خەتەر، توسقۇنلار،
بولغاچ سىلەر هەمدەم هەمراھ - يار، قىزلار.
ئورۇندايمەن دىلدا هامان شەرتىڭلار،
تاغدەك ئىشەنچ، قارار - ئەهدىم بار، قىزلار.

1988 - يىل 5 - مارت

## سەھەر

گۈل بەرگىدە يالتىرار شەبنەم،
قۇياش كۆچۈپ چۈشكەن بۇياققا.

كۆزلىرىمدە پەيدا بولدى نەم،
نۇر قايتۇرغاچ باقسام قاياققا.

نۇر بۆشۈكى بۇ دەم تەبىئەت،
ئاڭا چۇشۇپ تەۋرەنگۈم كېلۇر.
چىن دىلىمدىن باغلاپ مۇھەببەت،
قۇچىقىدا جان بەرگۈم كېلۇر.

1988 - يىل 8 - مارت

## سەنسىز

جاھانغا كۆز ئاچالامتىم، قەدىرلىك جان ئانا سەنسىز،
ئەقىل، كۈچ، يول تاپالامتىم ۋە ياكى باشپاناھ سەنسىز؟
ماڭا ئاق سۈت بېرىپ، ئاسراپ، ئۆزۈڭ چەكتىڭ رىيازەتنى،
پۈتۈن ئالەمنى مىڭ كەزسەم تېپىلماس رەھنەما سەنسىز.
سېنى مىڭ رەت يۈدۈپ بارسام ھەرەم بەيتۇل — كەئبىگە،
ئادا بولماس مېنىڭ قەرزىم شۇڭا مەن قۇل، گاداي سەنسىز.
ئۇچۇپ مارسقا ئۆي سالسام گۆھەر، ئالتۇن بىلەن جابدۇپ،
بىساتىم بولسىمۇ سانسىز، شۇ ئۆيدۇر بورىيا سەنسىز.
جاھاندا كۆپ گۈزەل نەرسە، چىرايلىق جايمۇ ئەلۋەتتە،
لېكىن قوزغاپ دىلىمدا زوق قىلالماس مەھلىيا سەنسىز.
سېنىڭدىن ئايرىلىش بىر كۈن، ئېغىر يۈز مىڭ مۇسىبەتتىن،
ماڭا ئەخلەت بىلەن ئوخشاش بىلىنگەي تۇتىيا سەنسىز.
ئېلىپ جەننەتنى جاي ئەتسەم، سېلىپ ھۆرلەرنى خىزمەتكە،
جىمىنى تەل قىلىپ بەرسە، شۇ تۇرمۇشمۇ جاپا سەنسىز.
ئۇرارمەن كۈندە بەش ۋاخ باش، بېشىڭنى جايناماز ئەيلەپ،
ئەقىدەمگە بولالماس ھېچ نەرسە قىبلىگاھ سەنسىز.

ئانا، سەن تاجۇتەختىمسەن، ھاياتىم ئۇلى بەختىمسەن،
تېپىلماس يەتتە ئىقلىمدىن ئۇلۇغ بايلىق ماڭا سەنسىز ... !

1987 - يىل 11 - دېكابىر، خوتەن

## سېغىنىپ

زارىقىپ كۈتتۈم سېنى سېغىنىپ،
كەلمىدىڭ بىر رەت، مېنى، يار سېغىنىپ.
يوللىرىڭغا تەلمۈرۈپ كۈتتۈم ئۇزاق،
بولدى چېھرىم زەپىران، خار، سېغىنىپ.
سەن قاچان كەتتىڭ يېنىمدىن شۇ ھامان،
دەرد بېسىپ بولدى يولۇم تار، سېغىنىپ.
قەلبى تەختىمگە ھۆكۈمران زور ئازاب،
ياتىمەن، تۈنلەردە بىدار سېغىنىپ.
سۈرىتىڭگە ھەر بېقىشتا سەل كېلۇر،
كۆزلىرىمگە، بىئىختىيار سېغىنىپ.
قاپلىغاچ قەلبىمنى ھىجران بۇلۇتى،
بولدۇم دىدارىڭغا كۆپ زار، سېغىنىپ.
ئۆتمىدى گال - بوغۇزۇمدىن بۇردا نان،
دىل يارا، بولغاچقا بىمار، سېغىنىپ.
تەلمۈرەر گۈلزارغا بۇلبۇل مەن كەبى،
يۈرىمەن ۋەسلىڭنى دىلدار سېغىنىپ.
رام بولۇپ ئۆمرۈمدە سەندەك گۈلگە مەن،
ئۆز - ئۆزۈمگە بولدۇما دار، سېغىنىپ؟!
تىلدى باغرىمنى ئازابىڭ خەنجىرى،
ئۆتتى كۈن، ئاي ھەمدە يىللار، سېغىنىپ.

ھەر ئۆمۈرنىڭ دەرد، پىراق، ھىجرانى بار،
بولىدۇ ۋىسالىمۇ بار، سېغىنىپ.
ياغدى قەلبىمگە ئۈمىدنىڭ نۇرلىرى،
ئازىيىپ بارغانچە ئازار، سېغىنىپ.
چېكىدى ھىجراندا سۆيگۈم كۈنسېرى،
كۈلدى ئارمان، كەلدى باھار، سېغىنىپ!

1986 - يىل 9 - فېۋرال

## چوڭلارغا

ئەي مۆھتەرەم ئاتا - ئانىلار،
كەلتۈرەيمەن نېمە يېسەڭلار.
يول يورۇشكە رازى بېشىمدا،
ئەكەل ئۇنى چاپسان دېسەڭلار.

چېكىلمىسۇن ئەسلا دىلىڭلار،
خالىغاننى ئەركىن قىلىڭلار.
كۆڭلۈڭلەردە قالمىسۇن غۇم - غەش،
دەۋېلىڭلار — يۈزگە سېلىڭلار.

مېھمان سىلەر ماڭا تۆت كۈنلۈك،
توۋلىساڭلار كېرەك يوق، ئۈنلۈك.
كۈن چۈشۈرمەي ئەزىز بېشىمغا،
باققان مېنى بولۇشۇپ كۈنلۈك ...

ئىپتىخارىم، پەرىشتەم سىلەر،
سىلەر بولغاچ قۇچتۇم شان - زەپەر.

تىلەك تىلەپ ھەردەم مەن ئۈچۈن،
قاقتۇردىڭلار كۆكتە قانات - پەر ...

ئەي مۆھتەرەم ئاتا - ئانىلار،
كەملىك قىلدى قانداق نېمەڭلار؟
پەرمانىڭلار قىلىچتىن ئۆتتىك،
بەجا قىلاي نېمە دېسەڭلار!

1988 - يىل 29 - دېكابىر

## بىز ...

ئېسىڭدىمۇ گۈزەل ئامرىقىم،
توپا كېچىپ ئوينىغان چاغلار.
بىز، كېپىنەك قوغلاپ، ئايىغىم —
يىرتىلغان شۇ گۈلزارلىق باغلار؟! ...

قايناق شەھەر قۇچىقىدا سەن ...
خوجايىن مەن ئاشۇ باغلارغا.
كەل ئوينايلى، يېنىپ خىيالەن،
شەبنەمدەك پاك - گۈزەل چاغلارغا.

1987 - يىلى 3 - مارت، كونا شەھەر بۇلاقسۇ

## ئوغلۇمغا

ئون ئاي يېتىپ ئاناڭ باغرىدا،
يەرگە چۈشتۈڭ — تۇغۇلدۇڭ بالام.

ئەركىن نەپەس ئالسەن ئەمدى،
«تۇتقۇنلۇق»تىن قۇتۇلدۇڭ بالام.

جىسمىڭدىكى ئاتاڭنىڭ قېنى،
شوخ بولساڭ گەر مەيلى كېرەك يوق.
بولۇپ قالما لېكىن بېلى بوش،
ياغسۇن ساڭا ھەردەم شان - ئۇتۇق.

قەيسەرلىكنى بۈركۈتتىن ئۆگەن،
ئىشچانلىقنى چۈمۈلىدىن ھەم.
سەندىن شۇنى تىلەيدۇ ئاتاڭ،
ئۇ دۇنياغا ئالغۇچە قەدەم.

1989 - يىل 6 - يانۋار، خوتەن

## ھەسەت سۆزلەيدۇ

شۆھرەت قۇچۇپ ماھارىتىڭدىن،
كۈندىن - كۈنگە ئۆرلىدىڭ ئېگىز.
سەن يۈكسەككە ئۆرلىگەنسېرى،
يۈرىكىمگە سانجىلار بىگىز.

چوققىلارغا قونساڭ بېگانە،
قانداق چىداپ تۇرىمەن ھايات؟
سانجىلىدۇ يۈرىكىمگە تىغ،
بۈركۈت كەبى قاقساڭ پەر - قانات.

ئىچىم زەرداب ـ خۇنغا تولدى لىق،
ئاھ، قوزغىلىپ قەلبىم يارىسى.
چىدىمايمەن كۆرۈشكە سېنى،
ئېقىپ كەتسۇن كۆزۈم قارىسى.

1989 ـ يىل 15 ـ مارت، خوتەن

## دادامغا

ئاھلىرىڭدىن شاۋقۇنلار دېڭىز،
قىش ئالمىشار يازغا مېھرىڭدىن.
پەرزەنت ئۈچۈن تەقدىم بارلىقىڭ،
نۇر تۆكۈلەر تال ـ تال، چېھرىڭدىن.

غەزىپىڭدىن تىترەيدۇ زېمىن،
دۇم گۈمۈرۈلەر قانچە بۈيۈك تاغ.
كۈچ، غەيرىتىڭ، جاسارىتىڭدىن،
چۆلدە ھاسىل ھەردەم چىمەن ـ باغ.

شادلىقىڭدىن كۈلىدۇ قۇياش،
چىن سۆيگۈڭدىن مەۋجۇت بۇ دۇنيا.
شۇڭا دەيمەن سەن ئۇلۇغ تەڭرى،
ئالەم سېنىڭ ئىلكىڭدە گويا.

سەن بولغاچقا، كۆركەم بۇ دۇنيا،
ئەي خىسلەتلىك مۆھتەرەم ئاتا.
سەندىن ئىشلار يۈكسىلىش تاپار،
قىلىپ بىزگە شادلىق، قۇت ئاتا.

ئالقىنىڭدا ئوينايدۇ دۇنيا،
تامچە تەرلىك ياسايدۇ بوستان.
كۆپ توقۇلدى تارىختىن بۇيان،
ئەجىر - تۆھپەڭ شەنىگە داستان.

كۆپ توقۇلدى شەنىڭگە داستان،
پۈتمەيدىكەن لېكىن سۈپاتىڭ.
ئانام ئېيتقان ئوتلۇق ناخشىدا،
تەرىپلىنەر مەڭگۈ ھاياتىڭ.

1989 - يىل 30 - ماي

## تەسەللى

(قىز تىلىدىن)

ئامرىقىم ئوينىشىپ ئاستا،
كۆڭۈل ئالماڭغا ئاتما تاش.
يېنىپ چۈشسە ئەگەر تەگمەي،
يېرىلغاي شۇ ھامان ساق باش.

ماراپ پىنھان مېنى يارىم،
كېلىپ روياپقا، ئاتما قاش.
لىغىرلاپ قالدى دىل توسمام،
ئاياغ باسساڭ، ئالار يار قاش.

قەلب باغچامغا سوغ تەگسە،
ئاقار كۆزدىن شەبنەم كەبى ياش.

ئەقىدەم گۈللىرى سولغاي،
چىلان تۇپراققا تاشلاپ باش.

مېنى دىلدىن سۆيەر بولساڭ،
بولۇپ قالما بىزەڭ، بەڭۋاش؛
سېنىڭمەن، مەيلى قانداق قىل،
قويۇلسا بىر تېكىرگە باش.

1989 - يىل 1 - ئىيۇل

## جان ئانا

مەن يېتىلدىم تەربىيەڭدىن جان ئانا،
سەن بۈيۈكلۈك بابىدا شاھ - خان، ئانا.
ئاق سۈتۈڭ تەنىنىڭ، ئىشەنچىنىڭ ساقچىسى،
ئاقىدۇ جىسمىمغا ئۇندىن قان، ئانا.
پاك، ھالاللىقنى ئۆگەتتىڭ دەرس قىلىپ،
ئەقلى - ئىدراكى خەزىنە - كان، ئانا.
ئىشلىرىمدا شان - زەپەر قۇچسام بىرەر،
شادلىقىڭ تاشتى بولۇپ فونتان، ئانا.
كۆرمىدىڭ مەندىن تۈزۈك خوۋلۇق، بىراق،
غەملىرىم بولدى ساڭا ئاش - نان، ئانا.
گۈل جامالىڭ سولدى كۈز ياپراقىدەك،
مەن ئۈچۈن قىلدىڭ ئۇنى قۇربان، ئانا.
ئانىسىز ھېچكىم ئۆسۈپ چوڭ بولمىغان،
يارىتىپ بەردىڭ ماڭا ئىمكان، ئانا.
قەرزدار مەڭگۈگە مەن بىر سەن ئۈچۈن،

قايتۇرارمەن ئۇنى قۇچۇپ شان، ئانا.
ئال ئارام، قالدى پەقەت تۆت كۈنلۈكۈڭ،
مەن چاكار، سەن بول ئەزىز مېھمان، ئانا.
سەن ئۇلۇغ شەپقەتچىنى كۆيگە قېتىپ،
ھەم يازاي ئۆمرۈم بويى داستان، ئانا!

1989 - يىل 29 - ئىيۇل، بۇلاقسۇ

## بۇلاق ۋە سۆيگۈ

بۇلاققا بۇلاقتەك ھېسلىرىم قايناق،
تومۇردا قانلىرىم ئوقچۇپ ئاقىدۇ.
كۈمۈش ئاي چاچ تاراپ، يۇيۇنغان بۇلاق،
مېنىڭ شوخ قەلبىمگە ئەجەب ياقىدۇ.

پاك - ساددا سۆيگۈمگە گۇۋاھ ئىدى ئۇ،
ھېلىمۇ كېلىمىز قول تۇتۇپ كۈندە.
شۇ بۇلاق بېشىدا باغلانغان سۆيگۈ،
ۋايىغا يەتمەكتە بىر جۈپ پاك تەندە ...

قېرىيدۇ ئادەملەر، قېرىماس سۆيگۈ،
پۈتمەس ئۇ، مەڭگۈگە بۇلاقتەك ئۇرغۇپ.
ساداقەت، ۋاپادىن ئىچكەچ كۆڭۈل سۇ،
كېلىمىز ياشلاردەك شادلىققا تولۇپ ...

1989 - يىل 19 - ئىيۇل، بۇلاقسۇ

## قار چاچقۇسى

ئاق شايىدەك تۇمان باسقان جاھاننى،
كۆكتىن چاچقۇ — كۇمۇش چېچەك چېچىلار.
كۆرۈنمەيدۇ ئۇپۇق يۈزى بۇ سەھەر،
قاچان، قانداق ئاشۇ پەردە ئېچىلار؟!

نىگاھلاردا ئاسمان بىلەن يەر تۇتاش،
يالتىرايدۇ ئالماس باشلىق چوققىلار.
بۇ كەڭ ۋادا سۈتكە توشقان ئاق دېڭىز،
كۆزنى چېقىپ يېنىككىنە چايقىلار.

ئاق بۇلۇتتەك ئۆرلەپ بارار ئانا يەر،
ئۇزۇق ئىزدەپ يۈرەر ھەريان بوز تورغاي ...
كۆڭۈللەرگە شېرىن خىيال تاشلىندى،
ئاشۇ ئاقلىق، ئاشۇ پاكلىق ئېلىپ جاي ...

1989 - يىل 29 - ئۆكتەبىر، خوتەن

## تۈن لىرىكىسى

تۈن پەردىسى يېپىلدى ئاستا،
قىرلىغاندا ياستۇقنى قۇياش.
سىڭىپ كەتتى گۈگۈم قوينىغا،
زېمىن ئېتىپ ئۇيقۇنى ھاپاش.

زەڭگەر قىشلاق قارىيىپ بۇ دەم،
شېرىن چۈشكە ئېلىندى ئەسىر.
چىراغلارمۇ يۇمدى كۆزىنى،
بۇندا ھەممە بولغاندەك بەسىر.

زەنجىر سېرىپ قاۋايدۇ بىر ئىت،
قوشنا ئۆينىڭ سىرتىغا قاراپ.
توختاپ قالدى بىردەمدىن كېيىن،
قۇيرۇق قىسىپ، لېۋىنى يالاپ ...

شۇندا كەتتى خىرامان يورۇپ،
جۇپ كۆلەڭگۇ تامنى ياقىلاپ.
ياقا چىشلەپ قايتتىم ۋە لېكىن،
ئىنسۇجىنغا تىنمىدىم داتلاپ.

1989 - يىل 20 - نويابىر

## ۋەتەن سەندە ...

تۆرەلدىم، كۇلۇپ ئۆستۇم ۋەتەن سەندە،
يايرىدىم كېچە - كۇندۇز گۇل - چىمەندە،
سۇمۇردۇم شىپا زەمزەم ھەر قەدەمدە،
يېتىلىپ، قاناتلاندىم سەپەر - جەڭدە،
بارىمەن ئۇزۇپ ئالغا، ئۇرۇپ خەندە،
چۇنكى، مەن چىقارغان گاڭ قانات پەندە ...

كۆز تىكىپ ساڭا، كۆردۇم ئۇزلۇقنى مەن،
قىرىدىڭ — كۆپنى كۆردۇڭ، لېكىن تىمەن،
تۇرسەن بەستىڭدىن كۇچ ئۇرغۇپ، چىچەن،
ئېھ ۋەتەن — يورەك - باغرىم، جان ئانامسەن،
قوزغىدى نۇر سىياقىڭ ئىشق مەندە،
تەڭرى سەن، مېنى ۋەسلىڭ قىلدى بەندە ...

سەن ئۈچۈن تېنىم ماگما، قېنىم ۋولقان،
ئىرادەم زور تاغلارنى قىلار تالقان،
ئوغۇلمەن ساۋۇت ئىچ - ئۆز، جەسۇر - چاققان،
ۋۇجۇدۇم سېنىڭ ئۈچۈن توسۇق - قالقان،
قوغداش سېنى ئالىي تىلەك مەندە،
يېڭىشچان تۇيغۇ ئۇرغۇپ تۇرار تەندە ...!

1989 - يىل 2 - ئۆكتەبىر

## توي تەسىراتى

ناغرا، سۇناي قۇچتى پەلەكنى،
قىز - يىگىتنىڭ قۇتلۇق تويىدا.
تارتۇقلىدى دوستلىرى خۇشال،
توي سورۇنى — كۆلنىڭ بويىدا.

غۇلاپ چۈشكەچ كونا رەسمىيەت،
قىز ئاپتاپتەك كۈلۈپ يايرايدۇ.
شوخ يىگىتنىڭ قەلبىدە شادلىق،
جانانىغا تويماي قارايدۇ.

يېڭى تويىنىڭ پەيزىدىن ھەممە،
يېڭى لەززەت، تەسىرات ئالدى.
چىن سۆيگۈدىن ۋىسال تاپقانلار،
توي ئەھلىنى «ئىسىت» كە سالدى.

1989 - يىل 9 - ئاۋغۇست، بۇلاقسۇ

## ۋاقىت — ئۆمۈر ئوغرىسى

كۆكتە ئۇچقان تۇرنىلارنىڭ قانىتى،
ئۆتتى ئاستا سۇ يۈزىنى سىيپىلاپ؛
قايتىپ كېلەر تۇرنا، ئۆتسە زىمىستان،
ئۆمۈر ئۆتسە كەلمەس لېكىن قايتىلاپ.

شۇڭا دەيمەن: بوش ئۆتكۈزمە ۋاقىتنى،
دېگەن لۇتۇن: «ئۇ — ئۆمۈرنىڭ ئوغرىسى ...»
ياشلىقىڭدا قىلىپ كەشىپ - ئىقتىدا،
قېرىغاندا زارلانمىغىن توغرىسى ...

## قوش يۈرەك

زۇمرەت سۇلۇق كۆل بېشىدا قىز - يىگىت،
ئولتۇرىدۇ ئەكسى سۇدا يانمۇيان.
كۆزلىرىدىن چاچراپ تۇرار ئوت - ئاتەش،
كۆڭلىدىكى گەپلىرىنى قىپ بايان ...

دۈپۈلدەيدۇ ئىككى يۈرەك تىنىمسىز،
نەپەسلىرى رىتىمىدىن بۇزۇلغان.
بىر جۈپ گەۋدە، سۇدا ئۈزەر تاق سايە،
قىزنىڭ چېچى شوخ شامالدا چۇۋۇلغان ...

1989 - يىل 19 - ئاۋغۇست، كونا شەھەر بۇلاقسۇ

# ئەلۋىدا

ئەلۋىدا، ئۆتكۈر قەلەمنىڭ ئىگىسى خوش - ئەلۋىدا،
ئاھ، كلاسسىك نەزمكەشلىك ئۇلگىسى خوش - ئەلۋىدا.
قالدۇرۇپ بىزنى يېتىم، سىز كەتتىڭىز جەننەت تامان،
ئەزدى دىلنى مۇڭ - مۇسىبەت قايغۇسى خوش - ئەلۋىدا.
قالدى بىزگە «رابىيە - سەئىدىن»نىڭىز ھەمراھ بولۇپ،
كۆپ يەنە تەر - ئەجرىڭىزنىڭ بائىسى، خوش - ئەلۋىدا.
توختىماي كەلدى «لاداخ يولىدا كارۋان» ئىز بېسىپ،
(مەرسىيەم شۇ ئىز بېسىشنىڭ بەلگىسى) خوش - ئەلۋىدا.
يىغىغا تەسكىن تېپىشتۇق، سىزگە ئامراق نوتىلار،
قالدى دەپ: «توزۇماس چېچەكلەر» — مېۋىسى، خوش - ئەلۋىدا.
ئەلۋىدا، ئەھمەت زىيائى، تىنچ يېتىڭ، ئاچقاي چېچەك،
نەزم بوستانى بۇ ئەلدە كەلگۈسى، خوش - ئەلۋىدا.

1989 - يىل 27 - ئۆكتەبىر

# كەل، سۆيۈپ قوي، بۇ سېنىڭ بالاڭ

كەل، سۆيۈپ قوي، بۇ سېنىڭ بالاڭ،
يېتىملىكتىن باغرى ئېزىلگەن.
كۆپ تاسقىغان تۇرمۇش ئەگلىكى،
كوچىلاردا سەرسان تېنىگەن.

كەل، سۆيۈپ قوي، بۇ سېنىڭ بالاڭ،
ئاتا مېھرى كۆرمىگەن، بىراق.
ئىستىقبالى دەسسەپ - چەيلىنىپ،
شادلىقلىرى تاشلانغان يىراق.

كەل، سۆيۈپ قوي، بۇ سىنىڭ بالاڭ،
قول تەگلىسە تىللايسەن نېچۈن؟
كۆكسۈڭگە قول سىلىپ باققىنا،
يۈرىكىڭ ساق، بارمىكىن پۈتۈن؟!

كەل، سۆيۈپ قوي، ئۇ سىنىڭ بالاڭ،
ئاشۇ ھالغا كەلتۈرگەن ئۆزۈڭ.
ۋاپادارىڭ، بىر جۈپ گۈلۈڭنى،
ئوت ئۈستىگە ئىتتەرگەن ئۆزۈڭ.

كەل، سۆيۈپ قوي، ئۇ سىنىڭ بالاڭ،
سولدى شۇنداق چىرايلىق گۈللەر.
«كۆڭۈل» دېدىڭ، تاشلىدىڭ ئۈزۈپ،
قۇرۇپ كەتسۇن ئۇنداق كۆڭۈللەر.

كەل، بۇ سىنىڭ بالاڭ، سۆيۈپ قوي،
پۈت - قولىنى پاكىز يۇيۇپ قوي!!!

1990 - يىل 9 - ئاپرېل

## بۇ قانداق ئىچىش

«كۆڭلۈم بۇ» دەپ تەگلىدىڭ شاراب،
قىقىۋەتتىم كۆڭلى ئىكەن، دەپ.
قالدى كۆڭلۈم سىنىڭدىن بىراق،
ئولتۇرغاچ سەن گۆشلۈك سەينى يەپ.

مەقسەت ماڭا «كۆڭۈل» تۇتۇشمۇ،
ياكى ئاچچىق هاراقتىن قېچىش؟!
تۇنجى كەلگەن رومكىنى ئەجەب،
ماڭا تۇتتۇڭ، بۇ قانداق ئىچىش؟!

1990 - يىل 30 - مارت

## پەسىللەر سۈرىتى

(چاتما)

### باھار

ئەتراپقا مەن تاشلىسام نىگاھ،
قارىچۇقۇمدا ئۇز، يېشىل سۈرەت.
گويا خوتەن زىلچىسى بۇ دەم،
كەڭرى ئالەم — رەڭدار تەبىئەت.

ئەگىز سۇيى سويلايدۇ يېنىك،
يان باغرىدىن جىلغىلار تامان.
باش كۆتۈردى يۇمران گىياھلار،
تەلمۈرۈشۈپ قۇياشقا ھامان.

باغدا يۇمران، خۇشبۇي چېچەكلەر،
كۈلدى ئاي - ھاي، ئىللىق جىلمىيىپ.
جانلارنى مەست ئەيلىدى بۇگۈن،
باھار گۈزەل تونىنى كىيىپ...

# ياز

تىك ئۆرلىگەن كۆككە زەر قۇياش،
يەرگە تەكشى نۇر چاچار تال - تال.
جاننى قىينار، نەپەسلەر قىستاپ،
تونۇر تەپتى ئۇرۇلغاچ يال - يال.

پىشىپ كەتكەن باغلاردا مېۋە،
شىرنە يىغىپ، مەي باغلاپ ۋال - ۋال.
شەربەت شوراپ يۈرەر سوپىياڭ،
تېرىكتۈرەر باغۋەننى بۇ ھال ...

يېقىملىق كۈي خامان ناخشىسى،
كۆڭۈللەرنى ئەيلەيدۇ قامال.
قايناپ كېتەر ئىش بىلەن ھەريان،
راھەت بەخش ئەتكەندە شامال.

تۆكمە ھەريان، ئاۋات، مولچىلىق،
جىلۋە قىلار كۈلۈپ ئايجامال.
تارتار يازدەك ئوتلۇق قوينىغا،
كۆڭۈلنى رام ئەيلەپ قۇت - ۋىسال.

# كۈز

جىددىيلەشتى ھەسەل ھەرىسى،
كۆكتە بەزمە قۇردى قاغىلار.

کۆرۈنمەيدۇ بۇلاق بېشىدا،
سۇ پەرىسى — ئوماق بالىلار.

دانىكادەك چاپلىشىپ مەھكەم،
ئۇششۇك ھەرە ئۇرىدۇ نەشتەر ...
دەرەخلەردىن تۆكۈلگەن تىللا،
ئايىغىمدا شىلدىرلاپ يۈرەر ...

ئېتىزلاردا تىترەيدۇ مايسا،
قاقلاپ ئاجىز تېنىنى كۈنگە.
تېنەپ يۈرەر بوشلۇقتا توزغاق،
ئاقلىق بېرىپ قاراڭغۇ تۈنگە.

كېۋەزلىكتە قارايغان غوزا،
يەردە تەكشى ياتىدۇ قىرو.
چۈشۈرۈلگەن تۈرۈك پۇچقاقلار،
يالاڭ ئاياغ يۈرمەيدۇ بىراۋ ...

سېمىزلىكتىن توختايدۇ تۇخۇم،
دۈمبىسىدە قوي ۋە كالىنىڭ ...
باشلىۋەتتى قىشلىق ئۇيقۇنى،
ئوت - چۆپلىرى چەكسىز دالىنىڭ.

ھەممە يەردە تىنىمسىز ھەرىكەت،
شۇنچە جىددىي قىش تەييارلىقى.
چىرايلاردا تەبەسسۇم كۈلكە،
ئۇرغۇپ تۇرار ھوسۇل شادلىقى ...

## قىش

ئەجدىھادەك نەرە تارتىدۇ،
دالىلاردا قۇترىغان شامال.
قىش ئىلكىدە ئۇخلايدۇ زېمىن،
ئەركى تامام قىلىنغان قامال.

جىمجىت ياتار كۈمۈش لېنتىدەك،
ئۇپۇققىچە سوزۇلغان دەريا.
كۆزنى چېقىپ قارلىق داللار،
يالتىرايدۇ ئالماستەك گويا.

تىترەپ تۇرار يالىڭاچ گىياھلار،
زىمىستانغا ئېچىپ كەڭ ئېتەك.
تۆكۈپ تۇرار ئاجىز نۇرىنى،
تەبىئەتكە قۇياش كۈلگۈنچەك ...

دولقۇنلايدۇ قەلبىمدە بۇ دەم،
ئەتىكى ئۇز باھار سۆيگۈسى.
ئاقار دەريا، كۈلەر تەبىئەت،
خىيالىمدا ئۇنىڭ جىلۋىسى ...

1989 - يىل 19 - مارت، خوتەن

## نۇرلۇق سەپەر

خىيال دېگەن بەربىر خىيال،
تارتالىدى مەيلىمنى ئۇلار.

قۇلىقىمغا شىۋىرلاپ شامال،
ئاتا قىلدى يېڭى تۈيغۇلار.

بۆسۈپ چىقتىم مۇھاسىرىدىن،
قىپ ئۆزۈمنى توغرا كونترول.
مەن رىشتىمنى ئۇزدۇم ھەۋەستىن،
تاللىۋالدىم ئىستىقباللىق يول ...

قىلدى ئۈمىد چەكسىز كۈچ ئاتا،
بېسىپ چۈشتى خىيالنى غۇرۇر.
داۋام قىلدىم يولنى شادلىقتا،
ئىزدەپ كۆرۈپ ئۆزۈمدىن قۇسۇر ...

ئۇزدۇم تۇرمۇش قايناملىرىدا،
نۇر بالقىغان ئۇپۇققا قاراپ.
پېشانەمگە سۆيدى نۇر - زىيا،
كەتتى تەنگە ئىللىقلىق تاراپ.

سۆيدۇم نۇرنى ئارزۇلاپ پەقەت،
راھەت بەخش ئەتتى نۇر ماڭا.
يايراپ كەتتى ۋۇجۇدۇم قەۋەت،
تالىق پەقەت بۇ ھۇزۇر ماڭا.

بولىۋەرمەس ھەر كىمگە نېسىپ،
مەن بەھرىمەن بولغان خۇشاللىق.
نۇرغا تويغاچ قۇياشنى ئېمىپ،
يۇدۇپ كېلەر كۈيۈم يېشىللىق ...

توختىمايدۇ بۇ شانلىق سەپەر،
يۈرىكىمدە بۈيۈك ئارزۇلار ...
ئىشلىرىمدا قۇچىمەن زەپەر،
يېڭى روھتا پۈتۈپ ماۋزۇلار!

1990 - يىل 16 - ئاپرېل

## سەبىيلەرگە

ھەرىكىتىڭدە مەسۇم يېتىرقاش،
بېغىشلايسەن كىشىگە شادلىق.
ئۆز تىلىڭدا چۇچۇك گۇڭگۇرلاش،
كۆزلىرىڭدە شەبنەمدەك پاكلىق.

كۆڭۈللەرنىڭ تارتىپ زوقىنى،
زەر بۇلاقتەك كۈلىسەن تاتلىق.
بېغىشلىغان بارى - يوقىنى،
ئاناڭ ساڭا تىلەپ نىجاتلىق.

1989 - يىل 2 - ئۆكتەبىر

## يۈرىكىمنى ئورىدى شادلىق

يۇلتۇزلارنى ئۆچۈردۇم بىر - بىر،
زەڭگەر كۆككە ئۇزاق كۆز تىكىپ.
خانىسىگە ئۇزىدى ئايمۇ،
تالا - تالا نۇرىنى چېچىپ ...

ئۈپۈق چوغدەك قىزاردى مانا،
يۈزلىرىمدە ئۈنىڭ جىلۋىسى.
يۈرىكىمنى ئورىدى شادلىق،
تاڭ قىزىنىڭ ياڭراپ كۈلكىسى.

ۋۇجۇدۇمغا تارىدى بۇ دەم،
ئوت تەپتىدە بىرخىل هارارەت.
نۇر قوينىغا چۆمدى ۋادىلار،
ئارمانلىرىم تاپتى سائادەت ...

1989 - يىل 13 - ئۆكتەبىر

## كەپتەرگە قاراپ ...

بىر جۈپ كەپتەر باچكىسىغا دان بېرەر،
تۆۋەت بىلەن پوكىنىدىن ياندۇرۇپ.
بۇ ئەقىلگە بىر ئىشارەت ئەمەسمۇ،
قويدى بۇ هال مېنى بەك ئويلاندۇرۇپ.

تاتلىق - تۇرۇم تاپسا يېمەي، يېگۈزۈپ،
چوڭ قىلغانتى ئاتا - ئانام مېنىمۇ.
ئوي ئويلىدىم پېتىپ چوڭقۇر خىيالغا،
قىلىپ بەردىم، ئاھ، ئۇلارغا نېمىمۇ؟!

1990 - يىل 10 - ئاۋغۇست، بۇلاقسۇ

## شېئىرغا تەبىر ...

شېئىر دېگەن غىدىقلايدۇ ئىنسانىنى،
كۆچلۈك روھىي دۇنياسىغا تاقىلىپ.
چىن شېئىردىن ئالار بەھرە كىشىلەر،
قاتتىق كۆلۈپ ياكى يىغلاپ تېلىقىپ.

شېئىر ئەمەس بۇ مەقسەتكە يەتمىگەن،
كۆرگەنلەردىن ھېچبىر سادا چىقمىسا؛
ھېس بەرمىسە يا زىلزىلە سالمىسا،
يا رەزىللەر كۆزىگە زىخ تىقمىسا ...

1990 - يىل 4 - ئۆكتەبىر، خوتەن

## قىش سەھرى

كۆلدى ئۆپۆق، كۆتۈرۈلدى زەر قۇياش،
نۇر نەيزىسى تۈننى يىراق قوغلىدى.
(خۇشلۇقىدا كۆككە مەغرۇر تىرەپ باش،
قۇياش پۈتۈن كائىناتنى چوغلىدى ...)

باقسام يىراق، كۈمۈش رەڭدە يالتىرار،
قۇچىقى كەڭ، سېخىي سەھرا دالاسى.
ئۇخلاپ ياتار زېمىن، يوتقان مامۇق قار،
ئەينەك كەبى قاتقان كۆل ۋە دەرياسى ...

ھەر سۇمۇرسە كىشى كۆڭلى يايرايدۇ،
ئارامبەخش ئىپار كەبى ھاۋاسى.
بىرلا كەزسە دىلنى شادلىق ئورايدۇ،
بار سەھرادا لوقمان ھېكىم داۋاسى ...

سىنئالغۇغا ئالدى قەلبىم ھاياتنى،
قىش سەھىرى سۈزۈك - تازا ھاۋانى.
جەۋلان قىلار بىر سۈرەت — توز قانىتى،
ئاشۇ سۈرەت ئېزگۇ قەلبىم بايانى.

1991 - يىل 29 - يانۋار، بۇلاقسۇ

## نورۇز نەزمىسى

كەلدى كۆكلەم، ئاقتى ئويناپ تاغ سۈيى،
ياڭرىدى ئىلھام بېرىپ نورۇز كۈيى ...
قىلدى خۇش - ئىللىق تەبەسسۇم كائىنات،
قاقتى قۇشلار ھەر تەرەپتە شاد قانات.
ھەممە جان تەشنا ئىدى، كەلدى يېتىپ،
تېۋىنىپ كۈتكەن باھار، جۈت - قىش كېتىپ.
باش كۆتۈردى گۈل - گىياھلار ئۇيقۇدىن،
ئويغىنىپ يېڭى سېزىمدىن - تۇيغۇدىن.
ياشنىدى قاقشال دەرەخلەر بىخ سۈرۈپ،
بېشىدا نۇر دەستىسى - جىلۋە كۆرۈپ ...
ئىچتى شوخ ئەگىزنى زەمزەم دەپ ئېتىز،
شاد كۈلۈپ چىققاندا دېھقان قىرغا تېز.
شادلىنىپ تەر - ئەجرىدىن ھەر كىم ئەنە،
ئالدى قول ئىلكىگە كەتمەننى يەنە ...
كۈچ تېپىپ نورۇزدا تۆللەر ئاينىدى،
كان - يېزا، ھەر يەردە ئەمگەك قاينىدى.

1991 - يىل 11 - فېۋرال، خوتەن

## يىرىك ئوتمۇ، يۇزۇك ئوتمۇ

«ئەسسالام» دەپ بوسۇغاڭدىن كىرگىنىمدە،
يۇزلىرىمگە تەگدى ئاتەش، ئۆزۈك ئوتمۇ؟
مەپتۇن قىلدى مېنى ناتىق شائىرلىرىڭ،
تۇرپان، ئىلى ئېيتقىن يۇرەك سۆزۈك ئوتمۇ؟!
باغلىرىڭدا ئۇزۇم بىلەن مېھمان بولۇپ،
سۇردۇم جەننەت ھۇزۇرىنى، كۆزۈك ئوتمۇ؟
چۇشتى قەلبىم ئاپپاراتىغا باغۋەن قىزىڭ،
ئەي تۇرپانلىق يىرىك ئوتمۇ، يۇزۇك ئوتمۇ؟!

1991 - يىل 9 - سېنتەبىر، توقسۇن

## گىگانت ئادەم

قىزىلتاغ، سەن جەسۇر بىر گىگانت ئادەم،
بېلىڭگە باغلانغان ئۇز، يېشىل پوتا.
تالايلار چوقۇقاڭدا قىلار تاماشا،
بولىدۇ قوۋۇرغاڭ ئۆرلەشكە شوتا.

قىزىلتاغ، سەن جەسۇر بىر گىگانت ئادەم،
بېرىسەن زوق - ھۇزۇر تالاي مېھمانغا.
ئوچۇقتۇر ھەممىشە سېخىي ئالىقىنىڭ،
ئايانماي تەر تۆكۇپ بەخت تاپقانغا.

قىزىلتاغ، سەن جەسۇر بىر گىگانت ئادەم،
ھەل بوگون باغرىڭدا ئېزگۇ تىلەكلەر.

تۆكمدۇ سىرىنى، تۆكمدۇ ساڭا،
ئاتەشلىك تۇيغۇدا يانغان يۈرەكلەر.

قىزىلتاغ، سەن جەسۇر بىر گىگانت ئادەم،
ئالتۇن نۇر بەھرىدە دولقۇنلار يارغان.
كۆكسۈڭدە ئارمانلار تولۇپ ياتىدۇ،
شۇ سەۋەب ۋۇجۇدۇڭ ئوت بولۇپ يانغان.

قىزىلتاغ، سەن جەسۇر بىر گىگانت ئادەم،
يۈرىكىڭ چاچىدۇ يالقۇن - ھارارەت.
ھارارەت تەپتىدىن يارالدى، ئەنە،
ئۈرۈمچى باغرىدا گۈللەش، كامالەت ...

1991 - يىل 17 - سېنتەبىر، ئۈرۈمچى

## خىياللاردىن تۆرىلەر خىيال

قەلبىم چەكسىز جاھاندۇر، جاھان،
خىياللىرىم ئۇندا ئۇچقۇر ئات.
ئەسرارلىشار يۇلتۇزلار بىلەن،
شۇنچە ئەركىن قېقىپ ئۇ قانات.

قەلبىم چەكسىز جاھاندۇر، جاھان،
خىياللىرىم ئۇندا ئۇچقۇر ئات.
خىياللاردىن تۆرىلەر خىيال،
سۆكۈت، ئۇيقۇ مەڭگۇ ماڭا يات ...

1991 - يىل 28 - ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى

## خىيال قۇشۇم گۆھەر تېرىدۇ

يۇدۇپ كەتتىم ئىشقىڭنى يىراق،
تەتۈر قىيناپ ئۆزۈمنى ئۆزۈم.
ئىنتىلگەندەك نۇرغا پەرۋانە،
ھەردەم ساڭا تەلمۈرەر كۆزۈم.

چۈشلىرىمنى ئەيلەيسەن قامال،
كىرپىكلىرىم جۇپلەشسە ئەگەر.
بىدارلىقىم خىيال قۇشۇمنى،
مەپتۇن قىلىپ، چاچىسەن گۆھەر ...

ئامالسىزلىق كەستى ئارىنى،
ئارمانلىرىم ۋىسال قۇچىدۇ.
دىدار پەيتى مەيلى كېچىكسە،
جاۋابلىرىڭ قاچان ئۇچىدۇ؟!

1991 - يىل 2 - ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى

## گۈل بەرگىدە ئېرىپ كەتتى كېپىنەك

كىردى قەلبىم ئىشىكنى قېقىپ،
ئىپار ھىدلىق ساھىب گۈلباھار.
چۈشتى كۆكتىن ئاستا پەر قېقىپ،
يۈرىكىمگە قوندى مامۇق قار.

تەشناسىغا قاندى دىل بېغىم،
ئاچتى تېنىم ھۆپپىدە پورەك.
چوغدەك گۈلنىڭ يۇمران بەرگىدە،
ئېرىپ كەتتى قاردەك كېپىنەك.

يۈرىكىمگە قوندى ئاپئاق قار،
جىلۋە قىلدى چېھرىدە باھار.

1991 - يىل 5 - ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى

## ئۆرلە ئۈرۈمچى

ئەي ئۈرۈمچى، مەن ساڭا قوندۇم گويا بىر قۇش بولۇپ،
سالدى ئاستىمغا تەبىئەت ئاق پاياندار خۇش بولۇپ.
ئېرىدىم، ئېرىتتى تەپتىڭ بىر ئۇچۇم قار دەپ بىلىپ،
يوللىرىڭ گويا تومۇر، ئاقتىم تېشىپ، دولقۇنلىنىپ ...
ۋاھ ئەجەب، ۋاھ - ۋاھ ئەجەب تەشنا ئىدىم، بولدى نېسىپ،
بىر كۆرۈش، ئاشىق كەبى سۆيمەك يۈرەكتىن ياقتۇرۇپ.
كۆزلىرىم قاماشتى ھەر باقسام ساڭا نۇرلۇق شەھەر،
ئاقتى نۇر، ئاتەش ئېقىم تەشنا يۈرەككە لىق تولۇپ.
بوي تالاشقان كۆك بىلەن باغرىڭدىكى رەت - رەت بىنا،
مەنمۇ يۈكسەلمەك تىلەيمەن ھەرنە ئىشتا شان قۇچۇپ.
تاڭ ئاشۇرۇلغان ئارغىماقتەك پۇشقۇرار زاۋۇتلىرىڭ،
كۈندە مەشرەپ، كۈندە تانسا ... كېچىشەر قايناپ كۈلۈپ ...
سۇندى قەلبىم سەن گۈزەلگە قاشتېشى جامدا مەي،
بولدى مەقبۇل، تاشتى شادلىق، ساقىدى تەن سويۇلۇپ ...
ئۇچقىلى ئىزدەپ يۈرەرمەن پەر - قانات پەندىن يېڭى،
تاپقۇسى ئارزۇ - مۇراد، قەلبىمگە شەربەت قۇيۇلۇپ.

نەگە باقسام قۇت - بەخت كۈلگەن گۈزەل، گۈلگۈن ماكان،
تاپ كامال - قۇدرەت هامان ئۆرلە ئېگىز كۆككە ئۇچۇپ.

1991 - يىل 17 - ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى

## بۇ دۇنيادا بىر جۇپ گۆهەر بار

ئۇزۇلمەيدۇ هايات ئېقىنى،
ئېقىپ بارار قۇياش بىلەن تەڭ.
بولۇپ تۇرار ئېلىم - سېتىملار،
بۇ ئالەمنىڭ باغرى زەپمۇ كەڭ.

نېمە كېرەك بولسا كىشىلەر،
تاللاپ ئالار قايناق بازاردىن.
گەر كۆڭلىگە ياقمىسا مېلى،
يەڭگۈشلەيدۇ، سۇرۇپ قاتاردىن.

بۇ دۇنيادا بىر جۇپ گۆهەر بار،
خېرىدارى بولماس قېنى، كىم؟
مىلياردېرمۇ مەڭدەيدۇ، ئەمما،
بىر ئاڭلىسا ئىسمىنى بەلكىم!

يەڭگۈشلەنمەس، ئېلىپ - سېتىلماس،
ئاتا - ئانا شۇ گۆهەر ئادەم.
قادىر ئەمەس تەڭرىمۇ هەرگىز،
يېڭىلاشقا ئۇلارنى هەردەم.

1991 - يىل 21 - ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى

## باچكامغا «دان» بەرگەندە ...

هېچ بىلمەيتتىم ئاتا - ئانامنىڭ،
مېنى قانداق باققانلىقىنى.
ئوتلىرىمدا كۆيۈپ، سۆيۈمدە،
كېچە - كۈندۈز ئاققانلىقىنى.

ئەمدى بىلدىم، گۆھەر ئوغلۇمنى،
ئەتىۋارلاپ باققان چېغىمدا.
ئانا كەپتەر بولۇپ گوياكى،
لېۋىگە لەۋ ياققان چېغىمدا.

ئەقىل تېپىپ، قەدرىگە يېتىپ،
«باقاي» دېسەم، ئەمدى ئۇلار يوق.
باچكامغا «دان» بەرگەندە ھەر رەت،
مەن بايقۇشقا تېگەر يىغان — ئوق.

1992 - يىل 27 - يانۋار، بۇلاقسۇ

## يۈرىكىمدە تۇغۇلغان بوۋاق

— تەرك ئېتىپ شېرىن ئۇيقۇنى،
نېچۈن ئىجاد ئېتىسەن تۈندە؟ —،
دەپ سورايسەن ئامراق دىلكەشىم،
ئۈستىلىمگە چاپلاشسام كۈندە.

ئىلھام قىزى يوقلاپ تۇرىدۇ،
سۆيۈنگەندە، چەككەندە ئەلەم.
قىستىشىغا بېرەلمەي چىداش،
شۇئان قولغا ئالىمەن قەلەم ...

قادىلىمەن قەغەز ئۈستىگە،
خۇددى نۇردەك ئۆيۈپ كېتىمەن.
مەقسەتلىرىم تاپماي ئىپادە،
خىياللارغا تولۇپ كېتىمەن.

قەلىمىمنى چايناپ گاھىدا،
يەرنى تېپىپ ئويۇپ كېتىمەن.
ئانا ئاچچىق تولغاق يېگەندەك،
چاچلىرىمنى يۇلۇپ كېتىمەن.

سۇ ئېرىقتا ئاققاندەك راۋان،
قەلىمىدىن تۆكۈلمەس شېئىر.
ئېكەكلەيدۇ ئۆمرۈم تىغىنى،
قەلبىمدىكى ئارمان ۋە پىكىر ...

شېئىر ئەمەس سىزگە سۇنغىنىم،
ھاياتىمنىڭ ئالتۇن بېزىكى.
مېۋە بېرىپ تۇرمىسا يۈرەك،
سوققىنىنىڭ نېمە كېرىكى؟! ...

1992 - يىل 3 - فېۋرال، خوتەن

## باھار قوردى باغلاردا بەزمە

چومبىلىنى قايرىدى ئوپوق،
ئالدى قوياش يوزلىرىگە ئوت.
زەر نور بىلەن يويوندى دونيا،
كولدى ھەممە تاپقان كەبى قوت.

كولوپ، مارجان چىچىپ قىرغاققا،
شوخشوپ ئىلدام چاپتى دەريالار.
ئوزۇن - ئوزۇن سايە تاشلىدى،
بولدى ئورمان، يومران گىياھلار.

تەبىئەتنىڭ ئەركە شاملى،
چېلىپ ئوچتى شوخ ئاھاڭغا نەي.
قاتار - قاتار قايتقان تورنا، غاز ...
دەريا، كۆلگە تاشلاپ ئۆتتى پەي.

باھار قوردى باغلاردا بەزمە،
كولدى چېچەك، ياپراقلاردا نور.
كوي ئەۋجىدە سىلكىندى زېمىن،
ئالەم توزدەك ياساندى پوزور.

1992 - يىل 5 - ئاپرېل، ئورۇمچى

## مەن ۋە ۋاقىت

قويوپ بېرىپ بوگونومنى مەيلىگە،
باغلىمايمەن ئومىدىمنى ئەتىگە.

كۆز قىزارتىپ باشقىلارنىڭ رىزقىغا،
نەپسىم ئۇچۇن يۇگۇرمەيمەن پەتىگە.

هايات گۈزەل، ئالەم گۈزەل، تەمەسىز،
ئۇمىد بىلەن ئاتا باققان ھەر جانغا.
سىغەر ئوتلۇق ئەقىدە، چىن مۇھەببەت،
ئۇمىد بىلەن تومۇردىكى ساپ قانغا.

ئۇمىد قانات، يۇكسەك نىيەت ئىنسانمەن،
كۆپنى ئورتاق قىلىمەن پاك ئەجرىمگە.
ئۇمىدلىكلەر مىنىڭ دىلكەش دوستلىرىم،
قۇت دۇشمىنى ئۇچرار غەزەپ - قەھرىمگە.

بۇگۇنۇمنىڭ نۇقتىسىنى تۇتتۇم چىڭ،
ئازدۇرالماس مىنى پۇتمەس ئەتىلەر.
«ئەتە» بىلەن كۇن ئۆتكۇزەر بىلى بوش،
ئۇنداقلارنى ئۆلۇم تىزلا پەتىلەر ...

بۇگۇنۇمنى قەدىرلىدىم ئالەمچە،
ئەتىگىمۇ دىل رىشتىم چىڭ چىگىلگەن.
خىيالىمدا نۇر دۇنياسى ئۇز - گۈزەل،
مەن ھەر قاچان كۇتكىنىمگە ئىرىشكەن.

1992 - يىل 17 - ئاپرىل، ئۇرۇمچى

## جانىجان دىھقان

«ئۇلۇغ ئەمەس» دىيەلەيدۇ كىم،
ھىممەت شاھى، سىخىي دىھقاننى؟

ئۆزى تۇرۇپ پەگادا هامان،
ئىززەتلىسە تۆردە مېھماننى.

«ئۇلۇغ ئەمەس» دېيەلەيدۇ كىم،
تۇرسا دېھقان جانغا مۇئەككەل؟
يەر ئۇنىڭسىز تۇرامدۇ ئۆرە،
بۇگۇنكىدەك ياشناپ مۇپەسسەل؟!

نان تەڭرىسى جانىجان دېھقان،
شاپائەتچى هايات يولىدا.
خەزىنىنىڭ جىمى ئاچقۇچى،
خاسىيەتلىك دېھقان قولىدا.

1992 - يىل 17 - ئاپرېل، ئۈرۈمچى

## يالقۇنلىغان ئوتلۇق نەپەسلەر

(چاتما)

### تۇرپان

يىراقتىن تەلپۈنۈپ كەلدىم ساڭا ئەيلەپ سالام، تۇرپان،
دېدىڭ: كەل - مەرھابا قوينۇم ئوچۇق، سەن ئۆز بالام، تۇرپان.
تېنىم يايراپ سىڭىپ كەتتىم بولۇپ تامچە قۇچاقىڭغا،
ئىجازەت بەر، سۆباتىڭنى قىلاي مۇنداق كالام، تۇرپان:
بوسۇغاڭدىن كىرىپ تۇنجى ساڭا كۆڭلۈم چۇشۇپ قالدى،
سېھىرلەندىم، ئەقلىنى لال، دىلىمنى قىلدىڭ رام، تۇرپان.

كېزىپ چىقتىمكى باغرىڭنى كېيىكتەك ھەر تامان قاتراپ،
يېشىل بوستان - بېدىشلەردىن ئۆزەلمەي كۆز داۋام، تۇرپان.
يولۇقتى ھەر قەدەم سانجاق ئۆزۈملەر تەك - باراڭ ئىچرە،
گۆھەردەك دانىسى كۆزنىڭ يېغىنى يەپ تامام، تۇرپان.
ئېچىلدى ئىشتىھايىم زەپ، ئۆزۈملەر ئاقتى ئاغزىمغا،
ئېلىپ كەلدى ئۇنى ھەردەم جۇلالىق رومكا - جام، تۇرپان.
مىسالى ياغ كەبى ياقتى تېنىمگە ئاپتىپىڭ، ھەيھات،
ھۇزۇرلاندىم ھاۋايىڭدىن، كۆڭۈل تاپتى ئارام، تۇرپان.
بېزەكلىك، ئىدىقۇت، يارغۇل ... سىپاتى كاتتا تارىخنىڭ،
دېدىم: سەنئەت يېرى خەلقىڭ ئىكەن ئەقلى قىيام، تۇرپان.
تاۋاپ قىلدىم، سۆيۈپ تۇپراق بېشىنى بىر ئۇلۇغ زاتنىڭ،
ئېگىلدى تىزلىرىم ئاستا، ئاڭا خاس ئېھتىرام، تۇرپان.
كەچۈرگىن چولتا شائىرنى، پۈتۈپ قويدۇم قوشاق بەتتام،
كېلەتتى يازسا مىڭ داستان سېنىڭ شەنىڭگە كەم، تۇرپان.
قۇچاقىڭدا ئىزىم قالدى، يۈرەكتە كۆپ سۆزۈم قالدى،
يۈدۈپ ئارمان كېتىپ قالدىم، دېبان: سەن ئۆز ئانام، تۇرپان...

1992 - يىل 17 - ماي، تۇرپان

## ئاپتاپ ئەمەس كۆيدۈرگەن

ئۆزۈم كانى — ئوتلۇق شەھەرگە،
ماي ئېيىدا كېلىپ سەيلەتتىم.
ئاپئاق ئىدىم كەلگەن چېغىمدا،
كېتەر چاغدا «قارا» داپ كەتتىم.

ئەيىب ئەمەس ئەرگە قارلىق،
كايىمايمەن ئۆزۈمگە بىراق.

ئاپتاپ ئەمەس مېنى كۆيدۈرگەن،
يۈرىكىمگە چۈشتى ئوت - پىراق ...

1992 - يىل 11 - ماي، تۇرپان

## كۆز

خۇددى جەننەت ئىكەن سىياقىڭ،
گۈزەل بۇيلۇق — سەيلە مەركىزى.
كۆڭۈل رىشتىم باغلاندى ساڭا،
قالدى ئوتلۇق لېۋىمنىڭ ئىزى.

يۈتۈن جىسمىڭ كۆزگە ئايلىنىپ،
تارام - تارام ئېقىپتۇ يېشىڭ.
قىسمىتىڭنى سۆزلەپ بەر، قېنى،
نېچۈن ئاپئاق ئاقاردى بېشىڭ؟!

1992 - يىل 13 - ماي، تۇرپان

## تۇيۇق

جەننەت ئىكەن سىياقىڭ، تۇيۇق،
ئىستىقبالىڭ ئەمەسكەن تۇيۇق.
جامالىڭغا كۆز تىكىپ بىر رەت،
تارتۇق قىلدىم ساڭا بىر تۇيۇق.

1992 - يىل 15 - ماي، تۇيۇق

## چۈنچىنى كۆرۈپ ...

پەنجىرىلىك ئېگىز ئۆيلەرنى،
ئاتايىدىكەن بۇ يەردە «چۈنچە» ...
تۇرۇپ قالدىم بىر پەس، ئايلىنىپ،
ھەيران قىلدى چۈنچىلەر شۇنچە ...

يۇلتۇز كەبى ئېسىلغان ساپاق،
كۆزدە كۆچۈپ كېلەركەن ئاتا.
تۇرپانلىقنىڭ بۇ كارامىتى،
ئاتا قىلدى شائىرلىق ماڭا ...

1992 - يىل 14 - ماي، ئۈزۈمچىلىك

## توخلاتقۇ

يالقۇن تاغدا يالقۇنلىنىپ - قاغجىراپ،
قىلدى نەپسىم كارىزلارغا مۇراجىئەت.
قەلەم ئاجىز قىلالمايمەن ئىپادە،
سەزدى تېنىم چەكسىز ھۇزۇر - ھالاۋەت.

ياندى ئون ياش ئارقىسىغا يۈرىكىم،
(شۇندىن بۇيان تېپىشلىرى بۆلەكچە.)
كارىز دېگەن توخلاتقۇكەن تەبىئىي،
ئۇنىڭ سۈيى داۋا بولدى يۈرەككە ...

1992 - يىل 15 - ماي، تۇيۇق

# ئەكس ئېتەر قەيسەرلىك، جۈرئەت

مىڭئۆي دېدىم، مىڭ خىل كارامەت،
كۆز ئوڭۇمدا بولدى نامايان.
مىڭئۆي دېدىم، مىڭ تۈرلۈك سوئال،
چاقماق چاقتى مېڭەمدە شۇئان:

بۇ غار، بۇ ئۆي، ئويۇقلارنى كىم،
قاچان، قانداق چىققاندۇ قېزىپ؟!
نەدىن كېلىپ، قايسى بىر رەسسام،
سۈرەتلەرنى بولغاندۇ سىزىپ؟!

تۈجۈپىلەپ ئىشلەنگەن نەپىس،
بۇ سەنئەتكە بولدى ئەقلىم لال.
قېتىپ قالدى كۆزۈم قارىسى،
ئالدى مېنى ئىلكىگە خىيال ...

قارىقىمغا رەڭ بەردى ئايھاي،
رەڭدارلىقى ئاشۇ سۈرەتنىڭ.
ئەكس ئېتەر پۈتمەس جۈرئىتى،
ھەر سۈرەتتە قەيسەر مىللەتنىڭ.

ئىختىيارسىز قالدىم تىز چۆكۈپ،
ھۆرمىتىمنىڭ يوقتۇر تەگدىشى.
رەسساملارنىڭ پىرىمۇ ئۇنى،
كۆرسە ھازىر، ئېنىق مەگدىشى ...

1992 ـ يىل 14 ـ ماي، بېزەكلىك

# ئۆلمىدى

چىڭقىچۇش، بۇ ئالەم قىزىغان تونۇر،
تەرىمگە بولدۇم غەرق، كۆيەر باشتا ئوت.
بىخ ياردى قەلبىمدە نەۋقىران غۇرۇر،
ئالدىڭدا باش ئېگىپ تۇردۇم ئىدىقۇت.

تاڭ سەھەر ياش يىگىت كۆرگەن چۈش كەبى،
ياتىسەن ئالدىمدا چىرايلىق شەھەر ...
ئالۋۇنلار كۆزۈمنى قاماشتۇرار زەپ،
چاقنايدۇ قەدىمكى ئىجاد بىلەن تەر.

خارابە ئەمەس سەن، مۆجىزەڭ تولا،
قەلئەسەن ھەر قەسرى ئەلنىڭ غۇرۇرى.
باغلىرىڭ توزۇغان، بۇلبۇللارمۇ يوق،
شۇندىمۇ كۆپ يەنە ئىلھام، ھۇزۇرى.

ھەر كېسەك، چالماڭنى پۇرىسام «گۇل» دەپ،
كەلدى پاك سۆيگۈنىڭ ھىدى - پۇرىقى.
نەلەرگە كەتكەندۇ توزۇغان سېپىل؟
تولدى لىق شارابقا كۆزۈم چانىقى ...

ئۆلمىدى بۇ شەھەر، ئەجدادلارمۇ ھەم،
قەلبىمىز تۆرىدە يۈكسەك ئورنى بار.
شاھىدى تارىخنىڭ، ئۇيۇشقاق ئەلنىڭ،
شامالغا يەم بولغان بۇ خاراب دىيار ...

1992 - يىل 13 - ماي، تۇرپان

# يۈرىكىمدىن كەلدى يېتىلەپ[1]

بىر چىرايىنى ئىزدەيدۇ كۆزۈم،
تېپىچەكلەيدۇ تەلمۈرۈپ يۈرەك.
دىدارلاشتىم نۇرغۇنلار بىلەن،
ئالالمىدىم شۇ زاتتىن دېرەك.
ئېلان بەردىم تەرەپ - تەرەپكە،
ئۇنى چوقۇم تېپىشىم كېرەك!

كۈن ئولتۇرغان ئاشۇ مەھەلدە،
باردەك ماڭا بىرەر شاپائەت.
يۈرىكىمدىن كەلدى يېتىلەپ،
بىر مازارغا مۆڭلۈك قىرائەت.
كەلگىنىمدە چوڭ بىر قەبرىگە،
يۈرەك يىغلاپ، چەكتى نادامەت.

يېتىپ قالدىم ھەسرەت ئىلكىگە،
بۇ چۈشۈممۇ، يا تەتۈر قىسمەت؟
مەن سورىسام زېمىن، ئاسماندىن ...
چەكمە پىغان، دېگەن نەچچە رەت:
«ئۇ بار ھايات گۈزەل تۇرپاندا،
قۇچۇپ كەلدى ھەر ئىشتا نۇسرەت ...»

مەن ئىزدىگەن تونۇش چىراي شۇ،
چىنار قامەت، گىگانت ئەزىمەت.

---

(1) ئابدۇخالىق ئۇيغۇر دەپنە قىلىنغان مازارغا بارغىنىمدا ئاجايىپ مۆڭلۈك بىر قىرائەت ئاۋازى ئاڭلىنىپ، مېنى قەبرە ئالدىغا ئېلىپ باردى.

«قەبرىدە ...» ، «ياق! ...» ئىشەنمەي دېسەم،
ئويۇلۇپتۇ «... ئۇيغۇر» دېگەن خەت.
«بار ئاۋازدا چاقىراي» دېدىم،
قىلالمىدىم توۋلاشقا جۈرئەت.

پۇرسەت تېپىپ ئاران بۇ نۆۋەت،
كەلگەنىدىم «سالام بېرەي» دەپ.
سۆيەلمەستىن مۇبارەك قولغا،
كېتەرمەنمۇ ئارمانلارنى يەپ؟!
كۆزلىرىمدىن قۇيۇلدى يامغۇر،
كېچىككەچكە، ئۆزۈمنى خەپلەپ ...

مۇڭ تۆكىدۇ كۆكتە يۇلتۇز، ئاي،
ئولتۇرىمەن مەنمۇ يۇكۈنۈپ ...
خىياللارغا كۆمۈلدۇم پەۋەس،
ئايىغىدا پىرنىڭ، ئۆكۈنۈپ ...
پۈتمەس ئارمان، ھەسرەتلەر يېدىم،
چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمۈلۈپ.

جىسمى يەرگە كۆمۈلسىمۇ گەر،
ئۆلمەيدىكەن ھەقىقىي شائىر.
چىقىپ كەلدى ئالدىمغا بىر چاغ،
شېئىر ئوقۇپ، ئاجايىپ نادىر ...
تاپتىم ئۇنى مىسرالىرىدىن،
ئەقىدەمگە مۇناسىپ ئاخىر.

1992 - يىل 12 - ماي، تۇرپان

## تەڭرىنىڭ جاۋابى

چۈشۈمدە تېلېفون بەردىم تەڭرىگە،
نامۇۋاپىق ئىشلار توغرۇلۇق.
دېدى، كۈلۈپ تۇرۇپ: «ئەي ئىنسان،
قىلىپ يۈرمە بۇنداق زۇغۇيلۇق.

مەنمۇ ‹تۇزەش› كويىدا، بىراق،
يېشىلمەيدۇ تۈگۈچلەر ئاسان.
شۇنى بىلىپ قويساڭ كۇپايە،
بار ئەمەسمۇ زېمىندا شەيتان ...»

1993 - يىل 17 - ماي، ئۈرۈمچى

## سۆيگۈ نەزمىلىرى

تەلمۈرۈپ كۈتتۈم ئۇزاق، جانان قېشىمغا چىقمىدىڭ،
سالدى قولۋاق بەزىلەر ئاققان يېشىمغا، چىقمىدىڭ.
ئۆرتىنىپ كۆيدى ئىچىم ئىشقى - پىراقىڭ تەپتىدىن،
بولدى چېھرىم زەپىران، تەپتى تېشىمغا، چىقمىدىڭ.
بىر قەدەم كەتمەي نېرى باقتىم ئۆيۈڭنى چۆرگىلەپ،
مەن رىزا مەڭگۈ مۇشۇ قىلغان ئىشىمغا، چىقمىدىڭ.
كىرمىدى كاللامغا ئوي ھېچبىر خىيالىڭدىن بۆلەك،
تۇز بولۇپ تامدىڭ جىمى ئەتكەن ئېشىمغا، چىقمىدىڭ.
بارمۇ سەن، كەتتىڭمۇ تاشلاپ داغۇھىجران چۆلىگە؟
قاينىدى ئوغام راسا، تەگدىڭ چىشىمغا، چىقمىدىڭ.
نەچچە يىللىق دەرد - ئازاب ئۆتتى بېشىمدىن سۆيگۈ دەپ،
ۋە لېكىن قوندى پەقەت بىر ياش يېشىمغا، چىقمىدىڭ.

پۈتتى سەۋرىم ئاخىرى كەتتىم بوسۇغاڭدىن قوپۇپ،
بەرمىدىڭ كۆڭلۈڭنى جانان يا بېشىمغا چىقمىدىڭ.

2

بولۇرمۇ ئۈز چىرايىڭنى ئېچىلغان گۈلگە ئوخشاتسام،
ئوتۇڭدا ھەر نەپەس كۆيگەن يۈرەكنى كۈلگە ئوخشاتسام؟
يۈزۈڭ ئالما، لېۋىڭ چوغلۇق، قېشىڭ ھىلال دېگۈم كەلدى،
كەچۈر، ئوتلۇق كۆزۈڭنى بىر تىنىق سۇ-كۆلگە ئوخشاتسام.
چىۋىقتەك ئەۋرىشىم بەلنى ئىگەم بىر سەن ئۈچۈن بەرگەن،
دۇرۇس، ئالدىڭدا قەددىمنى مىسالى نۆلگە ئوخشاتسام.
يۈزۈڭدىن كۈلكە كەتمەيدۇ، تەبەسسۇم جىلۋە ئەيلەيدۇ،
ئەيىب ئەتمە، تومۇز چۆلدە كۈلەر ۋىلۋىلگە ئوخشاتسام.
سېنى ئابىھايات دەيمەن ۋۇجۇدۇمغا ئېقىپ پۈتمەس،
سېنىڭسىز ياشىماس ھەرگىز تېنىمنى چۆلگە ئوخشاتسام.

3

بالقىدى مەڭزىڭدە كۈن ھۆسنىڭگە باقسام، ئەي پەرى،
پۈتمىدى شەپقەتلىرىڭ كۈيلەرگە قاتسام، ئەي پەرى.
مەن ئەگەر بولسام بىمار، پەرۋانە بولدۇڭ، يوقلىدىڭ،
سەن تەسەللى ھەم شىپا دەردلەرگە پاتسام، ئەي پەرى.
سەن ماڭا قالقان بولۇپ كۆكسۈڭنى تۇتتۇڭ جەڭ چېغى،
مەن ئۆزۈمنى ياۋ ئوقىغا قارشى ئاتسام، ئەي پەرى.
ساقلىدىڭ ۋىجدان بىلەن ئاسراپ ھەمىشە پاك، ئامان،
چىن مۇھەببەت گۈلىنى كۆكسۈڭگە تاقسام، ئەي پەرى.
سۆيگۈ - مېھرىڭ يالقۇنىدا ئېرىتەرسەن سۇ قىلىپ،
مەن بولۇپ مۇز تاغ ئەگەر جۇتلاردا قاتسام، ئەي پەرى.

سەن ۋاپادارىم مېنىڭ قەلبىمدە كۆندەك پارلىغان،
يوق ئورۇن ياتلارغا دىل رىشتىمنى چاتسام، ئەي پەرى.
ئارمىنىم، بەختىم ـ ھايات مەنزىللىرىدە سەن بىلەن،
بىر بولۇپ نۇسرەت، ۋىسال قەنتىنى چاقسام، ئەي پەرى.

4

سەن تەبىئەتمۇ، باھار ـ يازنىڭ چىرايلىق، ئامرىقىم،
تالمۇ سەن سوقسا شامال نازنىڭ چىرايلىق، ئامرىقىم.
گۈلمۇ سەن، ئەنبەر، ئىپارمۇ قىلغۇچى جانلارنى مەست،
ناخشا ئېيتساڭ شۇنچە ئاۋازىڭ چىرايلىق، ئامرىقىم.
بەزمە ـ مەشرەپ گۈلىسەن، چاقچاقلىرىڭ، كۈلكەڭ ئېسىل،
شوخ، نەپىس مۇقامغا ماس سازىڭ چىرايلىق، ئامرىقىم.
بىر كۆرۈپلا مەن ساڭا بولدۇم ئەسىر، قاچتى ھوشۇم،
سەن پەرىپەيكەرمۇ ئوبرازىڭ چىرايلىق، ئامرىقىم؟!
ھەممە ئۆزلۈك سەندە جەم، ئۆزمەيدۇ قەلبىم رىشتىنى،
مەن ئۆمۈرلۈك ياندا ھەمراھىڭ چىرايلىق ئامرىقىم.

5

سۆيدۈردى گۈلدەك بىر پەرى ـ غىلمانىنى ئىشقىمنىڭ كۈچى،
ئىشقى ـ مۇھەببەت بابىدىن سۇلتانىنى ئىشقىمنىڭ كۈچى.
تارتىلدى قەلبىم رىشتىسى قەلبىگە چىڭ زەپ يىپ بىلەن،
باغلاپ ئەقىدە ساقلىغاي ۋىجدانىنى ئىشقىمنىڭ كۈچى.
ئۆرتەندى دىل خانەم كۆيۈپ، بولدۇم كاۋاپتەك قاقسەنەم،
زىخلارغا تارتىپ قىينىدى بۇ جانىنى ئىشقىمنىڭ كۈچى.
باقتىم قۇياشقا ھەر سەھەر، كەچلەردە يۇلتۇز، ئاي كۈتۈپ،
قۇچتۇردى ئوتلۇق كۆكسىدە ئاسمانىنى ئىشقىمنىڭ كۈچى.

قوينۇمغا سالدىم ئاخىر ئاينى ئۈزۈپ مەن بىمالال،
كەلتۈردى تەزىمگە ماڭا چولپاننى ئىشقىمنىڭ كۈچى.
ئالدامچىلارنىڭ ئالدىدا كەلدىم ساداقەت كۆرسىتىپ،
يەڭدى ئۇ مەككار تۈلكە ۋە شەيتاننى ئىشقىمنىڭ كۈچى.
ئالدىم ۋاپا دەستۇرىدىن تەلىم ھامان شاگىرت بولۇپ،
ساقلار قىلىچ تەڭلەنسىمۇ ئىماننى ئىشقىمنىڭ كۈچى.

6

بولدى قىسماق سەرۋىدەك قەددىم نىھالىڭ ئالدىدا،
كۆز قاماشتى جىلۋىلىك ئايدەك جامالىڭ ئالدىدا.
ئىشتىياقىڭ ھەر نىگاھ ئۆرتەيدۇ قەلبىم قەسرىنى،
بولىمەن مەجنۇن كېچە - كۈندۈز خىيالىڭ ئالدىدا.
ياتىدۇ بارچە گۈزەللىك كىرپىكىڭ قورشاۋىدا،
مەن كېيىك باغلاقتىكى قاشىڭ - كامانىڭ ئالدىدا.
ئاي پاتار، چولپان ئاقار يەرگە خىجىللىق ئىلكىدە،
كۈن سۈپەت مەڭزىڭدىكى گۈل - قارا خالىڭ ئالدىدا.
مەن ۋىسالىڭنى تىلەپ يۈردۈم ئىشق دەشتى سايان،
ئەقلى - ھوشىدىن ئايرىلىپ قالدىم قامالىڭ ئالدىدا.
چۈشتى بوينۇمغا بولۇپ سىرتماق ئەجەب قۇندۇز چېچىڭ،
تىزلىنىپ قالدىم قىرىق سۈمبۈلۈتالىڭ ئالدىدا.
ئاھ، مېنى سالدىڭ جىمى كويلارغا بار ئۆزلۈك بىلەن،
پوستى ئاقلانغان پىياز بولدۇم ۋىسالىڭ ئالدىدا.

7

يۈرەك تېپىچەكلىدى سۈبھى قۇياشتەك يۈز ئېچىپ چىقساڭ،
قېتىپ قالدى كۆزۈم قارىچۇقلىرى شولا چېچىپ چىقساڭ.

سىياقىڭغا نەزەر تاشلاپ ئۆزۈمنى يىتتۈرۈپ قويدۇم،
ئۆيۈڭدىن تاڭ ساباسىدەك تۇتۇق بەرمەي قېچىپ چىقساڭ.
خىيالىڭ ساقچىسى ئالدى مېنى ئىلكىگە، بەندەڭمەن،
چۈشەرمەن ئىزتىراپقا مىڭ ئويۇمنى ھەر كېزىپ چىقساڭ...
كۆسەي بولدى كۆيۈپ جىسمىم پىراقىڭ تەپتى يالقۇنىدا،
ماڭا سەن ئىشق بالاسىدىن ھەمىشە ئوت ئېچىپ چىقساڭ.
يېنىڭدىن كەتمىدىم ماڭدام نېرى بولماققا ھەددىم يوق،
ساڭا تۇندە ماياك بولدۇم دېڭىزلارنى كېچىپ چىقساڭ.
تۇرالمايمەن سېنى كۆرمەي، سەۋرگە تاقىتىم يوقتۇر،
يېلىندىم: «ماڭا بىر نۆۋەت تولۇن ئايدەك بېقىپ چىقساڭ»...
تومۇزدا چاڭقىغان تەكلىماكاندەك كەڭ قۇچاق ئاچتىم،
نە بولغاي تەشنا جىسمىمدە يۇرۇڭقاشتەك ئېقىپ چىقساڭ!...

8

مۇشەققەت دەشتىنى كەزدىم گۈزەل، ساھىبجامال ئىزدەپ،
يېتەرمەنمۇ ۋىسالىغا تېپىپ بەرقى كامال، ئىزدەپ.
پىراقى ھۆكمىدىن تەكرار يۈرەككە چۈشتى ئوت - ئاتەش،
مېنىڭ ھالىم يامان بولدى قارا قاشى ھىلال ئىزدەپ.
مېنى ئەپسانە ئەتمەڭ، ئەي بۇرادەر بولدى دەپ ئاشىق،
تىلەيمەن قۇت - ۋىسال، يۈرمەي شەپەرەڭدەك زاۋال ئىزدەپ.
جانانى ۋەسلىگە يەتكەن قاچان، كىم دەرد - پىراق كۆرمەي،
جاپا چەكسەم بىلىنگەي ئۇ ماڭا راھەت، ۋىسال ئىزدەپ.
ئىشق ئەھلى ئۈچۈن قىسمەت پۈتۈلگەن ئېھتىمال شۇنداق،
مېنى باسقاندا تەشنالىق يانارمەنمۇ شامال ئىزدەپ.
گۈزەل ئارمانلىرىم ئىشقا ئاشار دەپ چىن ئۈمىدۋارمەن،
كېزەرمەن ئىشقى دەشتىنى گۈزەل قەددى - نىھال ئىزدەپ.

9

مەيلى جانان سەن ئۆچۈن مەن بۇ شېرىن جاندىن كېچەي،
بولسا ئاشىقلىق كۆيۈرلۈق، مەيلى رىزۋاندىن كېچەي.
سەندىن ئەسلا كەچمىگەي بۇ پاك ئەقىدەم بىر دەقىق،
چىن ئەقىدە يوللىرىدا بارچە ئىمكاندىن كېچەي.
سەن مېنى ھىجران - ۋىسال ئارقانىدا بوغدۇڭ، نېتەي،
ئىختىيار - مەيلىمنى بەردىم، مەيلى بوغ، قاندىن كېچەي.
مەندە يوق مېھرۇۋاپادىن باشقا ئايەت - سۆز ساڭا،
شۇ ئىشقىنىڭ ۋەجىدە شۆھرەت، شەرەپ - شاندىن كېچەي.
تەنلەر ياغسا ئەگەر، ئاشىقلىقىم بولسا گۇناھ،
سەن ئېلىپ كەت مېنى چۆلگە، باغۇبوستاندىن كېچەي.
مەن سېنى سۆيدۈم قاچان ياغدى بېشىمغا دەرد - بالا،
بىلمىدىم، بار نە كارامەت سەندە، ئېيت، ئاندىن كېچەي.
تەنلەرگە، رەشك - ھەسەتكە ئىشقنى تەرك ئەتمەيدۇ جان،
قىينا ھىجرىڭدا پەقەت سەن، مەيلى دەرماندىن كېچەي.

10

بېشىمغا چۈشتى بىر سەۋدا، ساڭا باغلاندى دىل، دىلبەر،
پېقىرىڭ كىرگىلى بولدى كويۇڭغا نەچچە يىل، دىلبەر.
پىراقىڭ دەشتىنى كەزدىم ھوشۇمنى گاھ بىلىپ - بىلمەي،
رەقىبلەر ئاغزىدا قالدىم بولۇپ ئەپسانە، بىل دىلبەر.
قىزىق قۇملۇققا تاشلانغان بېلىقتەك ھالسىراپ نەچچە،
قېقىلدىم ئۆرۈلۈپ ئۆپكەم، ئەلەم - دەرد قىلدى سىل، دىلبەر.
سېنىڭ ئىشقىڭدا راھەتلىك ھاياتتىن ئالمىدىم بەھرە،
ئوتۇڭدا تولغىنىپ كۆيدۈم بولۇپ گوياكى قىل، دىلبەر.
تىلەيمەن سۆيگۈ تەڭرىدىن مۇيەسسەر قىلسا دەپ بىر رەت،

ساڭا ئاچسام ئىغىز كۆيدى تىلىم، بولدۇم خىجىل دىلبەر.
هامان ئابدۇرېھىم قۇچقاي ۋىسالىڭنى، تۇگەر ھىجران،
ئۆزۈڭ تاپقان بالا - دەردكە ئۆزۈڭ بىر چارە قىل، دىلبەر.

11

يۇرەك بىتاب، پەرى رۇخسار سەنەمگە مۇپتىلا بولدۇم،
كېچە - كۇندۇز پىراقىدا ئەلەمگە مۇپتىلا بولدۇم.
جۇنۇن سەھراسىدا قاقتەك قۇرۇپ، جىسمىمدا نەم پۇتتى،
ئېكەكلەپ جاننى ئوت - ئىشقى ھەشەمگە مۇپتىلا بولدۇم.
ئۇرۇپ قەھ - قەھ كۇلەلمەيمەن، يوقاتتىم كۇلكە - شادلىقنى،
پىراق ھۆكمىدە بىھەد دەرد ۋە غەمگە مۇپتىلا بولدۇم.
ۋىسال جامىدا مەي ئوتلاش تەقەززاسى، تەمەسىدە،
پۇتۇپ مەكتۇپ ئاڭا ھەردەم قەلەمگە مۇپتىلا بولدۇم.
جاھاندا كۆپ گۇزەل جانان، لېكىن كۆڭلۇمدە شۇ بىرسى،
ئېتەي دەپ مېھرىنى مەلھەم قەسەمگە مۇپتىلا بولدۇم.
يېتەلمەي قۇت - ۋىسالىغا ئاتالدىم سۆيگۇ سەۋداسى،
كۆيۇك - ھىجران تۇپەيلىدىن لەقەمگە مۇپتىلا بولدۇم.
چېكىندى روھ، سوغۇلدى جان، كۆيۇپ دوزاختا تىنماستىن،
لېكىن يالتايمىدىم قىلچە، دەرەمگە مۇپتىلا بولدۇم.
ۋىسال گۇلشىنى بۇ ئابدۇرېھىمغا بەك يىراق، ئەمما،
ئۇمىدتىن كۆكلىگەن باغۇئىرەمگە مۇپتىلا بولدۇم.

12

تىپىرلاپ يەتتە پۇكلەندىم، سىنەمگە ئوق - پىچاق چۇشتى،
شۇ ئوتتىن ئۆرتىنىپ كۆيدۇم يۇرەككە دەرد - پىراق چۇشتى.
بىرەلمەي دەردكە بەرداشلىق ھامان ۋاي - ۋايلىدىم، يا رەب،

ماڭا شەپقەتچى يوق بۇ دەم، بېشىمغا مىڭ تاياق چۈشتى.
يېتىپ بىدار ئېرىشمەك تەس ئىكەن تالڭ ۋەسلىگە تۈندە،
سامادىن ساقىدى يۇلتۇز، ماڭا پۈتمەس سوراق چۈشتى.
قاچان كۆردۈم سېنى شۇندىن بۇيان ئۆز ئىختىيارىم يوق،
كېچە - كۈندۈز خىيالىمغا گۈزەل سۇمبات - سىياق چۈشتى.
كۆزۈم ئىلماي ۋىسالىڭغا يېتىشكە قاقشىسام كۈن - تۈن،
ئۆيۈمنىڭ تۆت تېمى ئاجراپ، تورۇكلاپ لاي - سۇۋاق چۈشتى.
نېمە قىلماقنى بىلمەيمەن، بېشىمنىڭ ئىچ - تېشى قاتتى،
كىرىشكە كەلدى يەر قاتتىق، چىقىشقا كۆك يىراق چۈشتى.
ئۈمىدىنى دىلغاچا ئەيلەپ، ئېغىتسام كۆز چىنارىڭنى،
ئەزەلدىن تۈم قارا بەختىم، يېنىمغا توڭ ياڭاق چۈشتى.
تىلەپ ۋەسلىڭنى ئاھ، دەيمەن، ھامان يادىڭ بىلەن يادىم،
ئەقىدەمگە پەلەك ئېرىپ، ئېتەر مەستخۇش پۇراق چۈشتى.
نەزەر سال ئەمدى ئابدۇرېھىم ئېزىپ يۈرمەيدۇ ھىجراندا،
ۋىسال جامىدا ئالدىمغا لەبا - لەب مەي - ھاراق چۈشتى.

13

باغلىنىپ قالدىم بۇگۈن زۆھرە ساڭا تاھىر بولۇپ،
كېزىسەن قەلبىم ئۆيىنى ھەر قاچان ھازىر بولۇپ.
يوق يېرىڭدە مۇڭدىشىپ تۆكسەم يۈرەكتىن كۈي سۈپەت،
تىل قۇلۇپلانغاي شۇئان كەلسەڭ ئەگەر زاھىر بولۇپ.
سۆزىمەن ھەردەم مۇھەببەت دېڭىزىدىن ئۈنچىلەر،
شۇ سەۋەب قالدىم خېلى سۆز، جۈملىگە ماھىر بولۇپ.
مەن كۈچەپ دائىم قەلەمگە، سەن ئۈچۈن مىسرا تىزىپ،
ئاتىلىپ قالدىم مانا ئەل ئاغزىدا «شائىر» بولۇپ.
ئۇلغىيىپ بارغانچە سۆيگۈڭ باردى كۆپلىپتلار ئېشىپ،
شۇ تۈپەيلى سەن ئۈچۈن ئېيتتىم قوشاق سادىر بولۇپ.

مىڭ تۈمەن مىسرالىرىم ئىسيان كۆتۈردى جۇغلىنىپ،
بىر يېڭىلمەس كۈچكە تولدۇم نەزمىگە قادىر بولۇپ.
سەن ئەزىم دەريا گويا، مەن قاشتىكى نىمجان بېلىق،
قانغۇسى تەشنالىقىم بىر كۈن ئەزەل ئاخىر بولۇپ.
ئېيتتى چىن دىلدىن بۇ دەم رەھمەت ساڭا ئابدۇرېھىم،
سۆيگۈنىڭ كۈچ - قۇدرىتىدىن قالدى ئۇ شائىر بولۇپ.

14

يۇرەك ئۆرتەندى ئىشقىڭدا، پۈتۈن جىسمىمدا جان كۆيدى،
بېرىپ جىلۋەڭدە تەپ قاتقان تومۇرلار ئۆزرە قان كۆيدى.
تېنىڭ ئاتەشتە پۈتكەنمۇ؟ يانار چەشمەڭدە ئوت - ئاتەش،
سېنى كۆردۈم قاچان دىلبەر، يۈرەك - باغرىم شۇئان كۆيدى.
بۇزۇپ كۆڭلۈم ئارامىنى پىراق دەشتىگە ئىتتەردىڭ،
كېزىپ چىقتىم ئىشق - ھىجران چۆلىنى پۇت - تاپان كۆيدى.
دىلىمدا لەڭ ئۇرۇپ سۆيگۈڭ، كۆزۈمدىن كۆلكە ئوشتۇلدى،
ئەقىل شاھىم بولۇپ تۇتقۇن ۋۇجۇدۇم بەك ئاسان كۆيدى.
ھەمىشە سۈرە ياسىندەك سېنىڭ نامىڭنى ياد ئەيلەپ،
قۇرۇقدالدى ئېسىم بۇ دەم، بولۇپ پاڭقاي ئىمان كۆيدى.
يۈرەكتە ئوتقا تاشلانغان كاۋاپتەك بىر شېرىن پىژ - پىژ،
ئوتۇڭدا تولغىنىپ قىلدەك قايان بارسام شۇ يان كۆيدى.
يانار تاغدۇر تېنىم بۇ دەم، نەپەس پۇرقار لاۋا - ئاتەش،
ۋۇجۇدۇم تەپتىدە كۈن، ئاي تۈگۈل مۇزلۇق داۋان كۆيدى.
قۇياش، ئايدىن سۇنۇپ مەكتۇپ كۆڭۈلنى ئەيلىدىم ئىزھار،
دېدىم: ئىشقىڭدا ئەي جانان سەبىي جان - ناتىۋان كۆيدى.
سېنى سۆيدۈم يۈرەك - جاندىن سەمەندەردەك كىرىپ ئوتقا،
تومۇردا لەڭ ئۇرۇپ ساپ قان پىراقىڭدا ھامان كۆيدى.

ۋىسال جامىدا مەي سۇنسالڭ ساداقەتنى مىزان ئەيلەپ،
بولۇر ئابدۇرېھىم رازى، دېمەس: ئىشقىڭدا جان كۆيدى.

1991 ـ، 1993 ـ يىللار، ئۈرۈمچى ـ خوتەن

## ئوغلۇم ۋە ئاتا ـ ئانام

ئوماق ئوغلۇم كۈلسە ۋىلىقلاپ،
ھاياجاندا قاراپ كېتىمەن.
ھېيتلىق ئالغان كىچىك بالىدەك،
شادلىق چۈلغاپ، يايراپ كېتىمەن.

مەنمۇ بىر چاغ ئاتا ـ ئانامنى،
شۇنداق خۇشال قىلغان ئېھتىمال!
ئەمدى خۇشال قىلاي دېسەم، يوق،
قىلدى ھەسرەت قەلبىمنى قامال...

1994 ـ يىل 6 ـ فېۋرال، بۇلاقسۇ

## بىر سەبىينىڭ نالىسى

جان ئانا، كەتمىگىن خۇش بولاي،
يېنىڭدا پەرۋانە، قۇش بۇلاي.
تېۋىنىپ باش قويدۇم پۇتۇڭغا،
ئايرىما دادامدىن خۇش بولاي!
تاشلىما مەن جىگەر پارەڭنى،
ئاتامدىن ئۈزمە قەلب تارىڭنى!

ئۆتۈنەي مىلڭ مەرتە، كەتمىگىن،
موماملار ئۆيىگە يەتمىگىن.
ئىرغىتىپ يىتىملىك چۆلىگە،
ئۆزگىگە مېنى قۇل ئەتمىگىن.
كىرپىكىم مارجانلار تۆكمىسۇن،
جان قوزاڭ دەردلەرگە چۆكمىسۇن.

بالىغا ئانا بىر گۆھەر ئۇ،
سېنىڭسىز بال يېسەم، زەھەر ئۇ.
بىگۇناھ مەسۇممەن، قىل رەھىم،
قۇلاق سال نالەمگە، كۆڭلۈم سۇ،
بول ماڭا بىر ئۆمۈر باشپاناھ،
تۇتمىسۇن ئۇۋالىم، ئەي ئانا.

يۇت ئاچچىق ئەلەمنى، ئەي ئانا،
بول ماڭا مەڭگۈگە رەھنەما.
ئۆتكەندۇر دادامدىن سەۋەنلەر،
بىراق، مەن بىچارەڭ بىگۇناھ.
قاراپ قوي، ماڭا بىر قاراپ قوي،
خىسلەتتە ھەممىگە ياراپ قوي!

1994 ـ يىل 7 ـ سېنتەبىر، خوتەن

## گۇزەل تۇيغۇلار

ئېرىپ بارار شاخ ـ پۇتاقتا قار،
(باستى بۇ دەم باغلارنى تۇمان.)

دەريالاردا كۆمۈش رەڭ سۇلار،
ئاقتى ئويناپ توختامسىز هامان.

ئېرىق بويلاپ كەلدى سۆگەت - تال،
ئەڭ ئالدىدا يېشىللىق يۇدۇپ.
سىرلىق تۇۋش ئاڭلىدى قاپتال،
يېتىۋەرمەي شېرىن چۈش كۆرۈپ.

ئېتىزلاردا بۇغداي مايسىسى،
شوخ شامالغا ئوينىدى ئۇسسۇل.
چېچەكلەرنىڭ قالدى غورىسى،
بېرىپ كېتەر مايسىلار هوسۇل...

ئۈيۈپ قالدى كۆركەم يېشىللىق،
قارىچۇقلاردا ئۇز سۈرەت بولۇپ.
تۇيغۇ بېرەر تېخىمۇ ئىللىق،
كەلسە غورا شەربەتكە تولۇپ.

1993 - يىل 16 - مارت، ئۈرۈمچى

## ئىجادىمنىڭ چىن هەمراهىسەن

ئەي سادىق دىلكەشىم، هەمراهىم — قەلەم،
هېسسىمنى پۈتسەن هەرگىز ئايانماي.
قەلبىمنىڭ ئېتىلغان ۋولقانلىرىدىن،
قىممەتلىك جاۋاهىر سۈزسەن هارماي.

ئىجادىم، ئەجرىمنىڭ چىن ھەمراھىسەن،
تارايدۇ سەن بىلەن يۈرەك ھېسلىرىم.
پۈركىنىپ گۈللەرگە ئىجادىم بېغى،
ئايلىنار سەن بىلەن زەرگە مىسلىرىم ...

تاپىدۇ سەن بىلەن ئۆمرۈم قۇت، مەنە،
بار شۇڭا قەلبىمدە ئوتلۇق مۇھەببەت.
سەن ئۈچۈن تەسەددۇق بارلىقىم، جېنىم،
قەدىرلەپ سۆيىمەن سېنى تا ئەبەد!

1993 - يىل 3 - ماي، ئۈرۈمچى

## پاسىبانىم، باشپاناھىم ئۆز ئىلىم

ئەي ھېكمەت بۇلىقى ئانا يەر،
سەن ئەزىز زەر قوزۇق بىباھا.
قۇچىقىڭ مىسالى بىر بۆشۈك،
يايرايدۇ ئۇندا جان دائىما.

«ئانامنىڭ لېۋى» دەپ بىلىمەن،
لېۋىمدىن سۆيسە ھەر نۇر - زىيا.
جۇشقۇن، شاد ئۆستۇم نۇر - مېھرىڭدە،
كۆرسەتتىڭ كۆپ ھىممەت ھەم ۋاپا.

باغلانغان بار - يوقۇم بىر ساڭا،
چۈنكى مەن سەندىكى بىر گىياھ.
ھەممىگە تەڭ تېگەر ھىممىتىڭ،
بولىسەن جانغا جان — باشپاناھ.

ياشنايسەن جەننەتتەك جىلۋىدار،
تۆكۈلسە بىر ئۆمۈر تەر ساڭا.
ھىممىتىڭ تەڭداشسىز ئالەمدە،
ھەر چىمدىم توپاڭ زەر - تۇتىيا ...

1993 - يىل 17 - ماي، ئۈرۈمچى

## غەزەللەر

1

ئۆز قىنىدا ئاقسا ئوينىپ ئەلگە قۇت - ئامەت ئىكەن،
گەر قىنىدىن چىقسا پۈتمەس دەرد - بالا، ئاپەت ئىكەن.
سۇ بىلەن گۈللەر زېمىن ھەم سۇ بىلەن ياشنار ھايات،
بۇ ھايات بوستانىدا ئەڭ ئەتىۋار، قىممەت ئىكەن.
قوغلىشىپ ئۇنچە چېچىپ ئاقسا چىمەنلەر باغرىغا،
زوق بىلەن دەيمىز ھامان يەرگە ئېسىل زىننەت ئىكەن.
تاش تېشەر ھەر تامچىسى، شۇ خىسلىتى ئۆرنەك ماڭا،
بىلدۈرۈپ قانداق ياشاشنى، بەردى كۈچ، غەيرەت، ئىكەن.

2

يېشىم ئوتتۇزغا ئۇلاشتى، ئۇزا ئەمدى ئويۇنلار، خوش،
يېقىملىق ناز - كەرەشمەڭدىن ماڭا ئاچما قويۇنلار، خوش.
ئەقىلنى باش قىلىپ باقسام قۇرۇق قاپتۇ ئۆمۈر باغىم،
پۇشايمان ئالدى كۆڭلۈمدىن ئەجەب چوڭقۇر ئورۇنلار، خوش.
كۆزۈمگە خۇددى ئالتۇندەك كۆرۈنگەن ئۇز شىشە، رومكا،

خوشە-خوش! دەپ ئەقىلبۇلغاپ ئىچىشكەن مەي، سورۇنلار، خوش.
مېنى غەپلەت ئېتىپ ئەللەي بۆلەپتۇ «بەخت» تۆشەكىگە،
سېلىنغان قاتمۇقات كۆرپە، ئېسىل جايلار - ئورۇنلار، خوش.
بېشىمدىن ئۆتتى كۆپ قىسمەت، ماڭا پۈتمەس ساۋاق بەردى،
قوپۇپ چۆچۈپ، ئېچىپ كۆزنى دېدىم: ئۆتمۈش-بۇرۇنلار، خوش.
ئۆزۈمگە شاھ ئۆزۈم ئەمدى، دېدىم ئىشرەتنى لەنەت سەن،
ماڭا ئۇلپەت بولۇپ كەلگەن بىكار نانچى - ھورۇنلار، خوش.
قىلىپ نابۇت گۈزەل ياشلىق بېغىمنى چەيلىگەن شەيتان،
خەۋەر تاپ ئەمدى ئابدۇرېھىم ساڭا ئاچماس قويۇنلار، خوش!

## 3

دەرد تىغى چۈشتى غۇلاپ ئۈستۈڭگە يولداش، زارلىما،
چۆرگىلەر باشىڭدا تۈگمەن تېشىدەك تاش، زارلىما.
بەزىدە پاتقاي قۇياشمۇ سۇر بۇلۇتلار باغرىغا،
ۋە لېكىن چىققاي يېرىپ شۇ دەم ئېتىپ قاش، زارلىما.
كونىلار ئېيتقان: «يېقىن بىر كۈلكىگە بىر يىغا» دەپ،
بولمىغاچ ھېچ ئىشتا بىل، بىر ئىزدا توختاش، زارلىما.
بۇ ھاياتنىڭ قانۇنى شۇنداق، ئۆتەرسەن گاھ كۈلۈپ،
گاھى يىغلايسەن تۆكۈپ يامغۇر كەبى ياش، زارلىما.
بىل، رەھىمسىز بۇ رېئاللىق چاچتى ئاستىڭغا تىكەن،
باس ئاۋايلاپ يەتكۈچە چەككە سەپەرداش، زارلىما.
زەر قۇياشتەك باقمىساڭ بىرلا نەزەردە ھەممىگە،
بولمىغاي ئەسلا ساڭا ھېچكىم نەپەسداش، زارلىما.
سەندە بولسۇن كۆپكە ئورتاق ئېزگۈ ھېس، قۇتلۇق خىيال،
ئەكسىچە بولسا خەلق بولماس تىلەكداش، زارلىما.
ھەق ۋە ناھەق ئىشلىرىڭغا ئەل بېرەر ئادىل باھا،
ئەل سېپىدىن ئايرىلىپ سەن بولما بەڭۋاش، زارلىما.

قىلمىشىڭدىن ئال ساۋاق، بولما يامانغا يان تاياق،
شۇندا ئابدۇرېھىم ساڭا مەڭگۈگە قولداش، زارلىما.

4

بېرىپ غەيرەت - شىجائەتنى ئۇلۇغ ئارماننى يار قىلدىڭ،
ۋۇجۇدۇمنى ئاشۇ ئارمان ئۇچۇن كۆيگەن چاۋار قىلدىڭ.
ئەقىدەمنى قېتىپ ئىدراك - ئەقىلنىڭ مەيىسى ئۆزرە،
ھاياتلىق ھۆكۈمى تەر - مېھنەت ئوچاقىدا يانار قىلدىڭ.
سەپەردە ھارمىدىم ئەسلا، چېكىپ كەلدىم ئىزىمغا گۈل،
قۇچۇپ نۇسرەت ھاياتىمدىن يېڭى بىر بەت ئاچار قىلدىڭ.
پۈتۈپ ئارمانغا تەڭ دەرمان مىسالى ئەيلىدىڭ سۇمۇرغ،
ئېگىز كۆكلەردە پەر قاقتىم قاناتنى مەندە بار قىلدىڭ.
بېشىمغا قوندۇرۇپ ھوما قۇشىنى ئەي گۈزەل ياشلىق،
بۇ ئابدۇرېھىم غۇرۇرىنى ھايات رىشتىگە تار قىلدىڭ.

5

ياش تۆكۈپ كەلگەن جاھان پانىيغا ياش تۆكتۈم يەنە،
كۈچ - ئەقىل تاپقانسىرى ھەسرەتكە بەك چۆكتۈم يەنە.
بىلمىدىم تەڭرىم ماڭا بەك ئۆچمۇ، مەن يىغلاڭغۇمۇ؟
ئوي - خىياللار كەلكۈنى باستى، تېرەن چۆكتۈم يەنە.
شۇڭغۇدۇم چوڭقۇر دېڭىز — تارىخ بېتىنىڭ بەھرىگە،
بالقىدىم بەزىدە كۈندەك، بەزىدە مۆكتۈم يەنە.
گاھىدا يازدىم قەسىدە ياش تۆكۈپ يىغلاپ تۇرۇپ،
ئۆز - ئۆزۈمنى گاھىدا قەھ - قەھ ئۇرۇپ سۆكتۈم يەنە.
كۆزلىرىمدە ياش، لېكىن قەلبىمدە بار ئارزۇ - ئۈمىد،
قانسىراپ كەتكەن يۈرەككە ئۇنى چىڭ پۈكتۈم يەنە.

6

ئىچتى دەپسەن، ئىچكىنىم مەي ۋە لېكىن، قان ئىچمىدىم،
قاقشىتىپ مىسكىن يېتىمنى جامدا گىريان ئىچمىدىم.
ئىچكۈلۈك، ئىچتىم بۇرادەر - دوستلىرىم كەلگەندە ئاز،
يار بولۇپ مەيگە ئۇدا، ھەر يەردە چەندان ئىچمىدىم.
كىم مېنى «ئادەم ئېتىپ» چاقىرسا، ئۇندىن قالمىدىم،
ئوغرى ئاسلاندەك ماراپ ئۆيلەرنى، ھەرئان ئىچمىدىم.
ئۆز پۇلۇم - يانچۇققا ئىچتىم، ئەي بۇرادەر، «ۋاي» دېمەي،
بولمىسا «شۈكرى» دېدىم، ئاختۇرمىدىم يان، ئىچمىدىم.
قاقمىدىم مەيدەمگە زىنھار، گەپ بىلەن پاختا ئېتىپ،
قىلمىغەن دەپ: «تاغنى تالقان، باغنى بوستان»، ئىچمىدىم.
ئىچكىنىم راست، دەرد - پىغانىم ئۆرلىگەندە بەزىدە،
ۋە لېكىن، كۈندە ئۇدا، بولغاندا خەندان ئىچمىدىم.
ئىچتى ئابدۇرېھىم شارابى ئەنتھۇر دانا بىلەن ...
ئۆز گۇناھى بويىنىدا، ئېيتمايدۇ يالغان ئىچمىدىم ...

7

ھالاۋەت ئىزدىسەڭ ھەردەم جاپا دەشتىنى قويماي كەز،
بېلىنى سۇندۇرۇپ توسقۇن تېغىنى ئالىقىنىڭدا ئەز.
ئايامسىز ئاقسا قان - تەرىڭ ئالارسەن دۇر - گۆھەر تاشتىن،
بۇ يولدا كەتمىسۇن ھەرگىز ئىرادە - غەيرىتىڭگە دەز!
ئەجىرنىڭ تېگى زەر - ئالتۇن، جاپانىڭ كەينىدە راھەت،
ھالاللاپ يە نېسىۋەڭنى زەئىپ، يالغاۋلىقىڭدىن بەز!
باسار گەر تەگرىدىن تەلەي كۆتۈپ ياتساڭ پالاكەت - نەس،
كۆزۈڭدىن ئاجرىماي ھەردەم چاپاق، شورلۇق لېۋىڭدىن گەز.

پەقەتلا ئېتىبارى يوق بۇگۇن «ئاقنانچى» ، كاززاپىنىڭ ،
ئەقىلنى ئىشقا سال، ئىشلە، تاۋارغا ئايلىنار سەگەز .
تەرك ئەتكەي (تېزىپ) هوما قۇشى پاڭقاي، هۇرۇنلارنى ،
ئىزنگدىن ئۇنسە گۇل، قونغاي بېشىڭنى ئۇ قىلىپ پەقەز .
سائادەت دىلبىرى ئاچقاي قۇچاق ئابدۇرېھىم ئاخىر ،
ۋىسال قۇچاق ئۇچۇن چەككەن جاپا ـ مۇشكۇلنى راهەت سەز !

8

بارمۇ دۇنيادا مۇقەددەس جاي ئانا يەردىن بۆلەك؟
نېمە قىممەت، ئەتىۋار ئەڭ، بىباها يەردىن بۆلەك؟
يەر ئۇلۇغ، يەردىن ئالار ئۆز رىزقىنى بار مەۋجۇدات،
بار نېمە جانغا كېپىل سۇ، ئابىهاۋا، يەردىن بۆلەك؟
نەچچە مىڭ يىل قازسىمۇ پۈتمەيدىغان زەر كان زېمىن،
بار نېمە قازغانغا پۈتمەس تۈتىيا يەردىن بۆلەك؟
يەر مۇقەددەس سەجدىگاھ، يوقتۇر باهاسى، تەڭدىشى،
بارمۇ بايلىق كانى ئۆزگە بۇ قارا يەردىن بۆلەك؟
بولدى چوڭ ئابدۇرېھىم ئىللىق قۇچاقىدا ئۆسۈپ،
نېمىگە ئەيلەيدۇ ئۇ ھەمدۇسانا يەردىن بۆلەك؟

9

ئەهلى نامەرد، دۆت ـ ناداندىن ياخشىلىق كەلمەس ساڭا،
بىنومۇس، پەيلى ياماندىن ياخشىلىق كەلمەس ساڭا.
ياخشىلىق كۈتسەڭ ياماندىن هاسىلى جانغا جاپا،
شۇم نىيەت توڭگۇز ـ قاۋاندىن ياخشىلىق كەلمەس ساڭا.
گەر ياماندىن كەلسە ئىنئام، ئامىتىڭ — ئاپەت سېنىڭ،
شۇ بىكار پايدا ـ هاياندىن ياخشىلىق كەلمەس ساڭا.

سەن غەرەزسىز ياخشىلارغا ياخشىلىق قىلساڭ، يانار،
ئەمما كۆتمە، ھەممە جاندىن ياخشىلىق كەلمەس ساڭا.
ياخشى يولغا ماڭ، يامان، ئەخمەق - ناداندىن قاچ نېرى،
تىلى بال، ۋەھشىي چاياندىن ياخشىلىق كەلمەس ساڭا.
ئىزدىگىن ئەل بەختىگە كۆپ ياخشىلىق ئابدۇرېھىم،
يانمىسا ئۆندىن، ياماندىن ياخشىلىق كەلمەس ساڭا.

10

يۆرەمدۆق ئاھ ئۇرۇپ، تەتۈر پەلەكنىڭ دەستىدىن قاقشاپ،
قۇياشلىق كۈننى تۈن قىلغان كۆڭۈللەر قەستىدىن قاقشاپ؟
ناۋادىن توختىدى، نەپسى بوغۇلغان شادىمان بۇلبۇل،
باھارغا ئاشنا بولغاچ، جۇدۇن - قىش پەسلىدىن قاقشاپ.
زېمىننى قاپلىدى كۆك مۇز، بەدەننى تىترىتىپ لاغ - لاغ،
يۈرەكلەر خۇن - زىدە بولدى شاياتۇن نەسلىدىن قاقشاپ.
«بالاخور شۇم نىيەتلەرنىڭ كى ئۆستى خورىكى، ئاھ ...» دەپ،
پىغانلىق نالە - پەريادلار كېلەر تاغ ... رەستىدىن قاقشاپ.
گۈلىستان باغقا مال قويدۇق، گىياھسىز چۆلگە ئايلاندى،
ئۆتەمدۇق بولغىنىم شۇ دەپ، سىياقى - ئەكسىدىن قاقشاپ؟
ياراشامدۇ يۈرۈش قىلساق ئىلىم - پەنگە، كامالەتكە،
ياشاپ كەلگەنمۇ بىز ياكى ئۈمىدسىز ئەسلىدىن، قاقشاپ؟!
جاسارەتتە قەدەم باسساق بولار ئىقبالىمىز پارلاق،
ئۇ چاغدا يۈرمىگەي ھېچكىم جاھالەت دەستىدىن قاقشاپ.

11

سېپىگە ئەھلى «مەرد»لەرنىڭ قېتىلدىم مەن قىمار ئويناپ،
تارالدى يۇرتقا نامىممۇ، يېتىلدىم مەن قىمار ئويناپ.

بۇگۇن تولسا قويۇن، يانچۇق، ئەگەر «توڭگۇز قۇلاق»لارغا،
سېنتقا ئەتە يا ئۆگۇن قىسىلدىمەن، قىمار ئويناپ.
قۇرۇقدالسام بۇگۇن، «ئەتە ئۇتارمەن» دەپ ئۇمىد باغلاپ،
ئېگىز تامغا مىنىپ، ئاخىر يىقىلدىمەن قىمار ئويناپ.
قىمىرلاپ بىر يېرىم ئۇتسام، ئۇتۇلسام جىم تۇرالماستىن،
كىرىپ كەيىنگە شەيتاننىڭ، چېچىلدىمەن قىمار ئويناپ.
قىمارنىڭ ئىشقىدا مەجنۇن بولۇپ يۇرۇپ كېچە - كۇندۇز،
دېدىم: «ۋاي - داد!» ئۆزۇم باغرىمنى تىلدىمەن قىمار ئويناپ.
ئۆزۇمنى خانىۋەيران ھەم بالامنى تىرىك يېتىم قىلدىم،
غۇلاتتىم ئۆز بېشىمغا تاغ، بېسىلدىمەن قىمار ئويناپ.
چۇشۇپ پاچاقغا پىت ئەمدى، بوغۇلدۇم گالغىچە قەرزگە،
چۇۋۇلدى «ماز»لىرىم، زەپمۇ تىتىلدىمەن قىمار ئويناپ.
ئىسىت! ئەھلى مەھەللەمدە تۇگەتتىم ئېتىبارىمنى،
قاچار مەندىن كىچىك - چوڭ، چەت قېقىلدىمەن قىمار ئويناپ.
ئۇزەلمەي نەس قىماردىن قول، بولۇپ قالدىم ساقايماس سىل،
يۆتەلسەم ئۆرۇلۇپ ئۆپكەم قېقىلدىمەن، قىمار ئويناپ.
قىماردا ئەسلى - ۋەسلىمدىن پۇتۇنلەي ئاجرىغاچ، ئاخىر،
يامان يولغا كىرىپ «گۆر»گە تىقىلدىمەن، قىمار ئويناپ ...
چىقالماي بۇ قىمار — ئالدامچىنىڭ پاتقاق يولىدىن ھېچ،
چۇشۇپ ھەپسىگە ياتتىم، ئاھ ... كېسىلدىمەن قىمار ئويناپ.
پۇشايماننى ئالارغا ھېچ تاپالماي بىر قاچا ئەمدى،
ئۆزۇمنىڭ قىلمىشىغا كۆپ ئېچىندىمەن قىمار ئويناپ.
نەسىھەت قىلدى ئابدۇرېھىم: خەتەرلىك بۇ كوچا، كىرمەڭ!
بولۇپ نابۇت تۇگەشكەن دەمدە بىلدىمەن قىمار ئويناپ ...

12

ئەجەب بىلمەپتىمەن ھازىرغىچە، رىزقىم ئىكەن كەم-كەم،
ياڭاق چاقسام پۇچەك چىقتى، مېغىز - تىزىقىم ئىكەن كەم-كەم.

جېنىم قىينالدى لوق گۆشنى چىشىمغا چىڭ باسالماستىن،
بىلىپ-بىلمەي سۇغۇرۇلۇپتۇ، چىشىم-ئېزىقىم ئىكەن كەم-كەم.
بېشىم تاشتەك قاتار تاپماي ئىپادە ئوي، تەپەككۇرىم،
سەۋەبىنى سۇرۇشتۇرسەم تىلىم-يېزىقىم ئىكەن كەم-كەم.
كېچە-كۈندۈز بولۇپ مىراب ئېتىزغا باشلىسام كەۋسەر،
لېۋى چاك - چاك ياتار مايسام، سەۋەب: ئېرىقىم ئىكەن كەم-كەم.
ماڭا پۈتكەنمۇ ھۆكۈمىڭدە جىمى كەملىكنى ئەي تەڭرىم،
بىلىپ ۋەجىنى ئابدۇرېھىم دېدى: رىزقىم ئىكەن كەم-كەم.

## 13

ئېغىز تەگمەي تۇرۇپ قالدىم، چىۋىن چىقتى ئېشىمدىن كۆپ،
مېنى تاجغاپ چىقىپ كەتتى، چايان چىقتى قېشىمدىن كۆپ.
ئىدىتلىق بىر بەلەن ئىشلەپ چىقارسام ئىشنى روياپقا،
خۇسۇمەت دەستىدىن بىرسى قۇسۇر تاپتى ئىشىمدىن كۆپ.
مېغىز چىقسا ئۆزۈمنىڭ دەپ، پۇچەك چىقسا ماڭا دۆڭگەپ،
سۇرۇپ پىنھاندا زوق - لەززەت، سۇغۇردى بۇ چىشىمدىن كۆپ.
ئىچىمگە تىن ئېلىپ كۈن - تۈن، بېقىپ ئاسمانغا، ئاھ ...
دەيمەن،
يانار تاغدەك كۆيۈپ كەلدىم، يانار ئوت ئىچ - تېشىمدىن كۆپ ...
سىياھتەك قاپقاراڭغۇ تۈن ئىكەن روھى كۆرەلمەسنىڭ،
يوقاتسا كۈلكە - شادلىقنى بولۇر تاپماق يېشىمدىن كۆپ.
يېرىلسا تەنە - نەپرەتنىڭ تېشىدا گەر بېشى ھەر رەت،
سەۋەب ئىزدەر مىنىڭ شەيتانغا ئاتقان ھەر تېشىمدىن كۆپ.
پىسەنت قىلماي ياشاپ كەلدىم بالا - دەردلەرگە، ئادەمدەك،
ئۆلۈپ كەتسەم ناۋادا، گۈل ئۈنەر قەبرە تېشىمدىن كۆپ!

1992-، 1995- يىللار، ئۈرۈمچى - خوتەن

## گۇلگۇن گۇلدەستە

1

ھەر بالالارغا سالار ئىشقىڭ كۈيى،
سەن بىلەن دائىم پىقىرىڭنىڭ ئويى.
گەر مۇيەسسەر قىلسا ۋەسلىڭگە ئىگەم،
كۆكتىن ئاشقاي نەچچە گەز پىقىر بويى.
ئەتسە ۋەسلىڭ زەررە نۇر ئىنئام ماڭا،
يامرىغاي تەلەي گۇلۇمنىڭ خۇشبۇيى.
ھۆرمۇ سەن، ئىنسانمۇ سەن؟ (ھېچ بىلمىدىم،)
چاندى ئالدىڭدا پەرى رەڭگىرويى.
تەڭرىگە تىغ تەڭلىگەن نوچى بۇگۇن،
ساڭا باش ئەگدى تۇگەپ غەيرىي خۇيى.
قەترە مەي يۇتسام لىۋىڭنى جام قىلىپ،
چۆمگۇسى شادلىققا يۇرت، كوچا - كويى.
قىينىما، سۆيگۇ شارابى تۇت ماڭا،
دەپ جاكارلاپ: ئابدۇرېھىم تويى.

2

ياشىدىم يېگانىلىك تەمىن تېتىپ،
باقمىدىم شۇ ياشقىچە ئەمىن تېپىپ.
قورشىدى كۇن - تۇن غېرىبلىق لەشكىرى،
قالدى باش دەردۇئەلەم، غەمگە پېتىپ.
بولسا دىشۋار نانۇئاش، ھەمراھ ھامان،
كىم قىلار تاقەت، چىداپ يالغۇز يېتىپ؟
يار دېگەن شادلىق، ئارام، مۇڭداش، يۆلەك،
ياشىنىتار چىن سۆيگۇ دىلنى شاد ئېتىپ.

چاقىنىسۇن سۆيگۈ، ساداقەت تا ئەبەد،
نۇر بېرىپ بار مەۋجۇداتنى ياشنىتىپ!
يۇرگىنىم ئۆلگەنگە تەڭ مىسكىن - غېرىب،
كۈلمىسەم يار ۋەسلىگە ھەردەم قېنىپ.
يۇرمە ئابدۇرېھىم يېگانە غەم يۇتۇپ،
كەچ ساداقەت بەھرىنى دىلغا چېتىپ!

3

سۆيگۈ دەپ چەكتۇرگىنىڭ ھىجران ماڭا،
يوق ۋىسال قۇچماققا ھېچ ماكان ماڭا.
بىر گۈزەل ھۆسنىنى سەير ئەتتىم قاچان،
دەرد تېغى چۈشتى غۇلاپ شۇئان ماڭا.
قالدى قاقشال تەن، كېتىپ پەيكانغا جان،
بولدى ئەملەشكە كېرەك لوقمان ماڭا.
نە گۇناھ قىلدىم مۇھەببەت تەگرىسى؟
كۈندۈزۈڭ تۈن رەڭگىدە زىندان ماڭا.
يا ياراتماپسەن مېنى ئىشقىسىز نادان،
يا بېرىپ قىلدىڭ خاتا ۋىجدان ماڭا.
قالمىدى مەن چۈشمىگەن دوزاخلىرىڭ،
بىنېسىپ بولدى ئەجەب غىلمان ماڭا!
قىل رەھىم بەندەڭگە، ئۇنچە قىينىما،
بەر دېدى، ئابدۇرېھىم جانان ماڭا!

4

شاھى خاقان مەن، لېكىن ئەلنىڭ قۇلى،
ساتسا قاي چاغ خەجلىسە بار نەق پۇلى.
سەگىتىش بۇرچۇم ئەگەر ئەل تەرلىسە،
توڭسا ئىسسىق جۇۋا، تون - كەمزۇلى.

كۆكنى سۆيگەن بىر بىنا سالسا ئىلىم،
شۇ بىنانىڭ ئاستىدا مەن تاش ئۇلى.
يۇكلىدۇق ئۇستۇڭگە تاغنى، ماڭ دېسە،
مەڭدىمەيمەن، چۈنكى مەن ئات - دۇلدۇلى.
پۈتتى ئەل ئەجرىدە بۇ جەننەت ماكان،
مەن ئۇنىڭ تىنماس ناۋاكەش بۇلبۇلى.
ئەل قۇچاقى مەن ئۈچۈن مۇنبەت زېمىن،
شۇ زېمىننىڭ مەن پۇراقلىق بىر گۈلى.
بەرق ئۇرۇپ ئۆستۇم ئانا ئەل مېھرىدە،
چالسا سازى، ئاڭلىسا شوخ مەرغۇلى.
شىر يۈرەك شاھ مەن ياۋۇز ياۋ ئالدىدا،
ۋە لېكىن ئەلنىڭ ياۋاش بەندە - قۇلى.

5

يۈرىكىمنى رام قىلدىڭ قاچان،
گۈلخان بولدى ئارمىنىم شۇئان.
ئىشتىياقنى يار قىلدىڭ ماڭا،
كۆۋەجىدى تومۇردىكى قان.
ۋەسلىڭ مەيسىز مەست قىلدى مېنى،
ئېكەكلەندى، چېچەك ئاچتى جان.
يۈرىكىمدە ئويغاندى ھەۋەس،
تەرك ئەتتىم ئۇيقۇنى ھامان.
ۋۇجۇدۇمنى لەۋ قىلىپ سۆيدۇم،
ئىشقىم ئۇرۇق بولۇپ بەردى دان.
جاپايىڭ چىن راھەت سېزىلدى،
ۋىسالىڭدىن تاپقاندا دەرمان.
ساڭا تارتۇق جېنىم، ھەر دېمىم،
ئىجاد ئاتلىق سۆيۈملۈك جانان!

## 6

مەيلى كىم بول، تارتما ئۆز نەپسىڭگە چوغ،
پاك ياشاپ، بول ئۆزگىلەرگە ئۈلگە ـ تۇغ.
كۆرسەن ئەينەكتە ئەسلىڭنى ئېنىق،
بولمىغاچ ھۆسنىڭدە زەررە لاي ۋە دۇغ.
ئېھتىيات قىل ھەرنە ئىشتا بول پەخەس،
(ئىچ ھامان پۇۋلەپ ئەگەر بولسىمۇ دۇغ.)
ئازدۇرار بەزىدە شەيتان تۇيغۇلار،
باش كۆتۈرتمە — زاكىسىدا ئۇنى بوغ!
ياق كۆڭۈللەر بەھرىگە ئاپتاپ بولۇپ،
كۆرمىسۇن ھېچكىم سېنىڭ چېھرىڭدە سوغ.
ئەل كۈچى زور كۈچ، ئۇنى سەل چاغلىما،
خۇددى كەلكۈندەك باسار يار ئالسا تۇغ.
قانچە شاھلار تەختىنى گۇم ئەيلىگەن،
سال نەزەر تارىخقا، بۇ كۈچ بەك ئۇلۇغ.
«قوزغىلىپتۇ شىر» دېسە كىم قورقمىدۇ؟
«خەلق» دېسە، ھەر كىمدە پەيدا جۇغجۇغ ...

## 7

كەتتىڭىز تاشلاپ رەقىب، دوستنى نىكەم،[1]
زەپ سېغىندۇق، بەك يىراقتا سىز بۇ دەم.
ياش تۆكۈشنىڭ ئورنىغا ئوينالىڭ، كۈلۈڭ،
تۈگىسۇن مەشۇق كۆزىدە ئەمدى نەم.
ئۆچمىسۇن لۇغەت بېتىدىن «مۇز» سۆزى،

---

[1] بۇ غەزەل بىر شائىرغا مۇشائىرە سۈپىتىدە يېزىلغان.

جىسمىڭىزگە ئەيلىمەك دوزاخنى جەم.
باشلىدى ئىشق سىزنى گۇلزار - باغچىغا،
ئۇندا دەرد يوق، شان - ئۇتۇقلۇق ھەر قەدەم.
تۇن بىلەن كۇندۇزگە ئوخشاش ئالمىشار،
بۇ ھاياتلىق بابىدا شادلىق - ئەلەم.
ئۇرغۇسى پەرياد ئۇنىڭمۇ ھالىغا،
كۆرسە ۋاموق يا نۇرۇم، تاھىرمۇ ھەم.
بۇ جاھان ئۆتنىگە لاپقۇت ئالىمى،
چاقى چۆرگىلىدى پەلەكنىڭ، پۇتتى غەم ...
ئالالىمىدىم، تىگەلمىدىڭ ھەم،
ئالدى بىزنى ئىلكىگە مۇڭ - غەم.
بوشلۇقلارغا تىكىلدى كۆزلەر،
تىپىرلىدى خىياللار بۇ دەم.
تاراپ كەتتى ھىسلار چەمبىرى،
كىرپىكلەردە پىلدىرلىدى نەم.
قاپ بىلىدىن سۇندى مەغرۇرلۇق،
سۇزەلمىدى ئارمانلارمۇ تەم.
ئوخشىماسكەن چۇشكە رىئاللىق،
(قوشماق ئىكەن شادلىققا ئەلەم.)
بۆلدى بىزنى قىسمەت خەنجىرى،
يۇرىكىمدەك ئەي پاك پەرىشتەم.
نەدە بولغىن، ئەسلە يا ئۇنتۇ،
ساڭا تالىق ئوتلۇق ئەقىدەم.

9

كۇلمىگەي بىر پەس يۇرەك دىلدارىسىز،
يانجىلار ئۇ بىر ۋاپادار يارىسىز.

ئىزدىسەڭ بار مەن جۇنۇن سەھراسىدا،
تەس ۋىسال قۇچماق چىمەندە خارىسىز.
جۇپ ئەمەس كاككۇك بىلەن زەينەپ ھامان،
قانمىغاي ئەسلا يۇرەك دىدارىسىز.
بىر تەبەسسۇم دامىغا چۇشتى يۇرەك،
سۇندى ئۇ لەۋ جامىنى ئەغيارىسىز.
ئۆتتى كىم، قاي چاغ جاھاندىن سۆيگۇسىز؟
سايرىماس بۇلبۇلمۇ گۇل - گۇلزارىسىز!

10

ئۆز ئىلىم جاندىن ئەزىز خار كۆرمىدىم،
ئۇز، پايانسىز قوينىنى تار كۆرمىدىم.
بوينىغا سالدىم گىرە ئاھ «سۆيگۇ» دەپ،
مەن ئۇنىڭدىن ئۆزگىنى يار كۆرمىدىم.
شۇ گۇزەل ئىشقىدا گۇلخان بۇ يۇرەك،
ھېچقاچان ئۇنداق ئۇلۇغ نار كۆرمىدىم.
ئايلىنىپ چىقتىم جاھاننى نەچچە رەت،
ئۆزگىنى، ئۆز ئەلگە تەڭ - يار كۆرمىدىم.
تەرك ۋەتەننىڭ ئىشرىتى ئىشرەت ئەمەس،
ئۇندا ئەرك، ئازادىلىك بار كۆرمىدىم.

11

يارلىدى قەلبىم كۆكىدە بىر قۇياش،
شادلىقىمدىن يەتتى بۇ دەم كۆككە باش.
قۇش ئىدىم يالغۇز، قاناتى ھەم سۇنۇق،
ئۇ قىلىپ جىسمىمنى ساق، بولدى قاياش.

ئايلىنىپ ئۆز ئورنىغا كەلدى چەرخ،
بولمىدى ئامەت پېقىرغا باغرى تاش.
ئاي ياتار ئالتۇن تۆشەكتە جىلمىيىپ،
ماڭا ھېيت - بايرام ئاڭا ھەربىر قاراش.
مەن ئۇچۇن پۇتمەس ئوزۇق ھەر كۆلكىسى،
تىلنار باغرىم ئەگەر ئۇ تۆكسە ياش.
ئۇ ھاياتىم چىرىغىغا ماي، پىلىك،
بولمىغايمەن ھېچقاچاندا خار، بىباش.
تاپتى تەسكىن ھەم نىجات ئابدۇرېھىم،
ئايلىنىپ باشىدا قۇت ئويناتتى قاش.

12

سەن كەبى ئوتقا ئۆزۈمنى ئاتمەن،
بولسا كۆل جىسمىم، لېيىڭغا پاتمەن.
كەلسە ئەزرائىل يېنىڭغا غەم يېمە،
جان سوراپ ھەردەم پۇتىدا ياتىمەن.
سۆيگۈ - مېھرىڭگە تەسەددۇق بارلىقىم،
ھەرنە لازىم، سەن ئۇچۇن قان ساتىمەن.
بولسا يەم چۆلدە ئېتىڭ گەر بۆرىگە،
شۇندا ھارۋاڭغا ئۆزۈمنى قاتىمەن.
ئوزۇقۇڭغا قونسا شەيتان تۇيغۇلار،
ئۇنى قەھرىم ئوقلىرىدا ئاتىمەن.
توڭلىساڭ قىشتا قالا مېھرىمنى سەن،
چاڭقىساڭ يازدا بولۇپ مۇز قاتىمەن.
دەر ھامان ئابدۇرېھىم قەيسەر ياشا،
غەيرىتىڭگە مەڭگۈ غەيرەت قاتىمەن!

## 13

چاپلىما تۆھمەت ماڭا، قىلما ئۇۋال،
ئەيلىمە ئاقنى قارا، قىلما ئۇۋال.
جان قۇشۇم تەن قەپىسىمدە يايرىسۇن،
بىھۇدە سالما جاپا، قىلما ئۇۋال.
«ھەر كىشىنىڭ رىزقى باشقا» دېيىلەر،
قىزغىنىپ مەندىن تولا، قىلما ئۇۋال.
شۇنچە كەڭرى تۇرسا ئالەم ئېتىكى،
سىغمىدىڭ، بولدۇڭ خاپا، قىلما ئۇۋال.
تۇمشۇقىدىن ئىلىنار قۇۋ تۈلكىمۇ،
كولىما خەندەك ئورا، قىلما ئۇۋال.
«بەتنىيەتنىڭ قازىنى، دەيدۇ تۆشۈك»،
بەتنىيەت تاپقاي ۋاپا، قىلما ئۇۋال.
ئۆم - ئىناق ئۆتسەك ھەسەتنى تەرك ئېتىپ،
ئىشتا بولمامدۇ ساپا، قىلما ئۇۋال!

## 14

چۈشۈمنى رېئاللىققا ياتلىق قىلدىم، [1]
خىيالنى تەرىم بىلەن تاتلىق قىلدىم.
نەچچە يىل قۇرۇق تۇرغان ئېغىللارنى،
توپ - توپ قوي، كىشنەپ تۇرغان ئاتلىق قىلدىم.
يېڭىدىن سېلىپ كاتتا ئايۋان - ساراي،
زىلچىدا بېزەپ، ئېسىل كاتلىق قىلدىم.
پاكىز يۇيۇۋېتىپ ئەلەم - داغنى،

---

[1] بۇ مىسرا ئىمىن ئەخمىدىنىڭ شېئىرىدىن ئۆزلەشتۈرۈلدى.

تۇرمۇشنى توققۇزى تەل - شادلىق قىلدىم.
جىن چىراغ، ساپال چىراغ قالدى نەدە،
نەي لامپا ئىسسىپ، نۇرغۇن ۋاتلىق قىلدىم.
«نامرات» لىق قالپىقىنى چۆرۈپ تاشلاپ،
ئۆزۈمنى «ئابدۇرېھىم باي» ئاتلىق قىلدىم.

## 15

بايلىقىڭ، بەختىڭ ئانا يەردىن كېلۇر،
قىممىتىڭ - نەرخىڭ هالال تەردىن كېلۇر.
تەرى ئادەمنىڭ جىمى جانغا كىيىل،
تەر زېمىنگە غايىلىك ئەردىن كېلۇر.
كۆكتە قۇشنىڭ ئۇچقىنى سىرلىق ئەمەس،
ئاڭا پەرۋاز جۇپ قانات - پەردىن كېلۇر.
دەيدۇ ئەل، يەرنى ئۇلۇغلاپ «زەر قوزۇق»،
بارچە جانغا نان ئاشۇ زەردىن كېلۇر.
بول ۋەتەن پەرۋانىسى ئابدۇرېھىم،
ساڭا نېمەت، قۇت ئاشۇ يەردىن كېلۇر.

## 16

ئۆتتى ئاي، يىل كەلمىدى ياردىن خەۋەر،
«كېلىمەن» دەپ ۋەدىسى باردىن خەۋەر.
كەتتى بۇندىن تۇرنىلارمۇ، ئۆتتى ياز،
تاپمىدى مەندىكى ئاھ - زاردىن خەۋەر.
كۇنۇتۇن ئاقتى يولىغا كۆز نۇرۇم،
دەپ تىلەيمەن كەتسە ئوت - ناردىن خەۋەر!
بىلمىدىم، مەن - ئاشىقى، هالى نېچۇك،

بەرمىدى نە كويدا، ئىش ـ كاردىن خەۋەر.
جان قۇشۇم ئۇچماسمۇ مەھشەرگاھ تامان،
بىۋىسال كەلسە مازار ـ غاردىن خەۋەر؟!
بىمەھەل قوندى بېشىمغا كۆپ قىرو،
زەن سېلىپ باقساڭ بېرەر قاردىن خەۋەر.
ئەر ئەمەس، ئابدۇرېھىم تاپماي ۋىسال،
ئاڭلىسا جان ئالغۇچى داردىن خەۋەر!

17

قىل مېنى، تەڭرىم، بالالاردىن يىراق،
شۇم نىيەت، كۆڭلى قارالاردىن يىراق.
قۇرىسۇن شۇملۇق، ھەسەت، پىتنە ـ پاسات،
قىل زۇغۇي، باغرى يارالاردىن يىراق.
پەس ھەۋەس، ئالىيجانابلىق ئوت ۋە سۇ،
قىل ھامان غىش ـ غىش، نىزالاردىن يىراق.
كۆرمىدى ئۆمرۈم مۇھەببەت خوۋلۇقى،
قىل ئازاب، ھەسرەت، جاپالاردىن يىراق.
باغلىغان ئىخلاس ـ مۇھەببەت ئەلگە مەن،
قىلما ئۇ ئەھدە ـ ۋاپالاردىن يىراق.
قوشكېزەكمۇ دەرد ـ خۇشاللىق، قۇت ـ بالا؟
قىلمىدىڭ سەۋەن ـ خاتالاردىن يىراق.
يۇقمىسۇن نەپسى شەيتانى ھېس،
قىل ھارام بايلىق، غىزالاردىن يىراق.
پاك ياشاپ، ئەجرىم بىلەن روناق تاپاي،
قىل رەشك، ئىللەت، ۋابالاردىن يىراق.
دۆت ـ نادان، بىخۇد ئەمەس ئابدۇرېھىم،
ئەمما، قىلغىن كەيپ ـ ساپالاردىن يىراق!

## 18

سەكرە تۇرمۇش دېڭىزىغا، ئۇز شائىر !
غەۋۋاس بولۇپ جاۋاھىرات سۈز شائىر !
چىللاپ كەلدى ئىلھام قىزى يىراقتىن،
قەلىمىڭنى چاپتۇر، نەزمىلەر تۈز شائىر !
بۈسۈپ كىرىپ كۆڭۈللەردىن ئورۇن تۇت،
شۇندا كەلمەس ئۆمرۈڭگە كەچ كۈز، شائىر !
ئەتراپقا باق، كەتتى خەقلەر بەك ئۇزاپ،
شۇلاردىن كەم نەرىڭ، پىلان تۈز شائىر !
غەپلەت بېسىپ بولما ھەرگىز بوش، ھورۇن،
قىل شىجائەت، ئاينى كۆكتىن ئۈز شائىر !
بولغىنىدەك تەبىئەتنىڭ تۆت پەسلى،
بولماس ھايات يوللىرىڭمۇ تۈز شائىر.
كۆيۈپ شامدەك تۈننى تاڭغا ئۇلىساڭ،
كېلەلەيسەن ئەل - خەلقىڭگە يۈز، شائىر.
ئەل ئىشقىدا تىنمايدىغان بۇلبۇل بول،
ئال قولۇڭغا سازنى سازلا - تۈز، شائىر !
ئاق سۈت بېرىپ قوشتى سەپكە جان ئاناڭ،
گۈلگە ئورا، مۇرادقا يەتكۈز، شائىر !

## 19

يىگىتمەن تەن دۇرۇس، نىمجان ئەمەسمەن،
مەھكۇملۇق لېيىغا پاتقان ئەمەسمەن.
ئۇرغۇيدۇ كۈچ، ئەقىل، ۋۇجۇد، ئېڭىمدا،
لايغەزەل، تەييار تاپ، نادان ئەمەسمەن.

ياۋلارغا قەھرىم ئوق، نەپرىتىم قاتتىق،
خەلقىمىنىڭ قولىمەن، تايغان ئەمەسمەن.
بۆرىلەر ئالدىدا يولۋاسمەن، شىرمەن،
قورقۇنچاق - بىچارە پاقلان ئەمەسمەن.
چاقىرسا ئىتىم بار، توتسا سىپىم بار،
ئاتىسى نائىنىق پالان ... ئەمەسمەن.
ياشايمەن ۋىجدانىم، غۇرۇرۇم بىلەن،
خامىلىئون مىسالى شەيتان ئەمەسمەن.
ئۆن - تىنسىز ئىشلەيمەن چۇمۇلە كەبى،
غەلۋىخور، چاتاقچى «پالۋان» ئەمەسمەن.
ئىشلارنى ئىدىتلاپ قىلىمەن بەلەن،
دورامچۇق شاتۇتى - گەپدان ئەمەسمەن.
ئىلىمگە جان پىدا يۈرەكلىك ئەر مەن،
سىھىرگەر، گال باقتى ئۇلتان ئەمەسمەن.
ئۈمىدىم يۇلتۇزى چاقنايدۇ ھەرئان،
يۇلتۇزسىز قاپقارا ئاسمان ئەمەسمەن.
ئاچلارغا غىزامەن، تەشنالارغا سۇ،
ۋە لېكىن ئاپەتلىك قىيان ئەمەسمەن.
كىر دېسەڭ، تېگىرقىماي كىرىمەن ئوتقا،
مەگدەش يات نەسلىمگە، توشقان ئەمەسمەن.
غالىبلىق ئۇدۇمۇم، ئۈمىد، ئەتەم بار،
ھېچقاچان خار - زەبۇن، ۋەيران ئەمەسمەن.

## 20

يۇزۇڭ قىبلە، پېشىڭ جايناماز،
كۆندە بەش ۋاخ باش ئۇرسامىمۇ ئاز.
ئۆمرۈم بويى بېشىم سەجدىدە،

كېچىش ھارام ئېتىقادتىن ۋاز.
مەن ئىخلاسمەن بەندە، سەن — ئىلاھ،
يوللىرىڭدا قەلبىم پايانداز.
تومۇرۇمدا ئاقار ئاق سۈتۈڭ،
چىرايىمغا بېرىپ رەڭ - پەرداز.
روھىم كۆكلەپ كەلدى مېھرىڭدە،
ئادەم بولدۇم رىغبىتىڭدە ساز.
قوشتۇڭ ئۇلۇغ سەپكە، شان تىلەپ،
مەن باچكاڭنى قىلدۇرۇپ پەرۋاز.
بەدىلىگە ئەجىر - تەرىڭنىڭ،
مەككىگە مىڭ يۈدۈپ بارسام ئاز.
ياڭرىتاي دەپ شەنىڭگە داستان،
بولۇپ كەلدىم شائىر - زۇۋانداز.
تەرىپىڭگە سۆز ئىزدەپ ئانا،
ئەقىدەمنى ئەيلىدىم ھەمراز.

21

ئۇپۇق بويلاپ كېلىسەن تىمەن،
چېچەك پۇرقار ئىلكىڭدە كەتمەن.
مېھرىڭ دەريا، ئوقچۇپ ئاقىدۇ،
قاقشاللارنى ياشنىتىپ تۇمەن...
ئۆزگىلەرگە ئۆتۈنۈپ تۆرنى،
ياشاپ كەلدىڭ پەگاھدا زوقمەن.
يىراق مېھنەت، تەمەدىن ھامان،
ئەجرىڭ بىلەن كاتتا دۆلەتمەن.
سەن جاھاننىڭ بايلىق ئىلاھى،
ساڭا ھەر چاغ ھەممە ھاجەتمەن.

سۆيگۈلۈك جاھان يۈرەك قېتىمدا،
پۈتكۈل ئالەم ساڭا ھېرىسمەن.
قۇت ئىگىسى ئەي دېھقان ئاتا،
ئەقىدەڭدىن كۆلىدۇ چىمەن ...

22

ئۇرغۇدى ئوتلۇق مۇھەببەت سەن ئۈچۈن،
قاپلىدى تەننى ھارارەت سەن ئۈچۈن.
ئوق يېگەن نىمجان كېيىكتەك ئاھ ئۇرۇپ،
بولدى پاك قەلبىم جاراھەت سەن ئۈچۈن.
ئاقتى كۆز، ئوتلۇق يۈرەكتىن ياشلىرىم،
تۆكمەن كەلمىش قىيامەت سەن ئۈچۈن.
مۇز ئىدىم قوشتۇڭ قاتارغا ئېرىتىپ،
بەردى روي مەندە كارامەت سەن ئۈچۈن.
يۈرىكىم تەپمەي خۇشال، قان يىغلىدى،
ساقلىدىم ئەمما ساداقەت سەن ئۈچۈن.
رىغبىتىڭ بەردى ئۈمىد، جان ياشنىدى،
ئۆستى روھ، رۇسلاندى قامەت سەن ئۈچۈن.
كۆلگۈسى قەھ ـ قەھ ئۇرۇپ ئابدۇرېھىم،
تۇتسا يۈز نۇرلۇق ئادالەت سەن ئۈچۈن.

23

نىگاھىڭ تەپتىدە ئالەم كۆيۈپ پۈتكەي،
قۇياش، ئاي، ھەممە سەييارەم كۆيۈپ پۈتكەي.
جامالىڭ ئەيلىسە شەرھى گۈزەللىكنى،
رەشك دەردىدە ئۇز لالەم كۆيۈپ پۈتكەي.

گۈزەللىك شاھىسەن ئالەم ئارا يەكتا،
ئوتتۇڭدا مۇپتىلا ئادەم كۆيۈپ پۈتكەي.
ۋىسالىڭنى تەمە ئەيلەپ ئەسىر بولدۇم،
يۈرەك سەكپارە، ئىز - پايەم كۆيۈپ پۈتكەي.
ۋۇجۇدۇم ئوت بولۇپ ياندى، كۆيەر ئۆچمەي،
يوقاپ ئەس - ھوش، ئۈمىد، غايەم كۆيۈپ پۈتكەي.
تېنىم خۇمدانغا تاشلاندى، بولۇپ پارە،
شۇ ۋەجىدىن پېقىر بۇ دەم كۆيۈپ پۈتكەي.
سېنى سۆيگۈ قۇياشىم دەپ زىكىر قىلدىم،
ندا - ئاھىمدا بۇ ئالەم كۆيۈپ پۈتكەي ...

## 24

ئۆرتىدى قەلبىمنى ھەسرەت، دەرد - ئازاب،
ئېزىلىپ بولدى يۈرەك - باغرىم خۇناب.
ئاھلىرىم قۇچتى پەلەكنى، ۋادەرىخ،
كەتتى ئوت، ئاتەش يۈرەك بولدى كاۋاپ.
ئاقتى دەريا ياش ھامان، چەكتىم پىغان،
شۇ تۇپەيلى يار ماڭا ئاچچىق شاراب.
تاڭ سەھەر گۈلشەن ئارا قىلسام ناۋا،
بەرمىدى ھېچكىم سادا، تەسكىن، جاۋاب.
شۇندىمۇ ئىخلاس - ئەقىدەم قايتمىدى،
بەلكى كەئبەم دەپ ئاڭا قىلدىم تاۋاپ.
تاۋلىنىپ شېرىن ئازاب خۇمدانىدا،
شۇ ۋىسال جامىنى دەپ قىلدىم خىتاب!
ئېتىقادىم، قۇت - ۋىسالىم چۈن ئەبەد،
مەيلى مەن — ئابدۇرېھىم چەكسەم ئازاب.

## 25

يوق گۇناھىم بىۋاپا يار ئالدىدا،
تۇرىمەن شۇڭلاشقا تىك، دار ئالدىدا.
ياتمىدى قىلسام ئىشەنچ تاغدا كېيىك،
ۋەدە - لەۋزى كەلدى ئىنكار ئالدىدا.
نەسلى شەيتان تۈلكىمۇ ئۇ (بىلمىدىم)،
ئەيلىدى سۆيگۈنى تارمار ئالدىدا.
سۆيدۈرۈپ، سۆيمىدى ئۇ ئەسلا مېنى،
قىلدى يار قايغۇنى تەكرار، ئالدىدا.
ئايلىنىپ تەتۈر سىگە چەرخى پەلەك،
يالمىدى، ئەيلەپ مېنى خار، ئالدىدا.
تەسكە چۈشتى سىغدۇرۇش بۇ جاننىمۇ،
نەقىلاي، تۇرسا جاھان تار، ئالدىدا.
ئەسلىدە قىلغان خاتا ئابدۇرېھىم،
كەلدى ئەمدى قىلغىنى ھار، ئالدىدا.

## 26

ئاھ، ئانا! ئۆڭدى نىگاھىڭ جىلۋىسى،
ئۆچتى زەپ پارلاق قۇياشىڭ شولىسى.
قالدى كۆك سەتھىدە ئاتقان تاڭلىرىڭ،
لەيلىدى چېھرىڭدە گۇگۇم سايىسى.
نە ئەجەب سىڭدىڭ بۇيۇك روھ بەرقىگە،
سەن بولۇپ، نۇر - شولىلارنىڭ زەررىسى.
ئەيلىگەن سۆيگۈڭدە نازىل بىر قۇياش،
قالدى سەندىن گۇل - گۈزەللىك ئۆلكىسى.
ئۆرتىنىپ كۆيدۈڭ ئوتۇمدا بىر ئۆمۈر،

قىسمىتىڭ تەقدىر ـ ئىلاھىنىڭ بائىسى.
زارلىنىپ قاچتى ئۆلۈم مەندىن نېرى،
ساقلىغاچ جاننى پاناھىڭ دورىسى.
نەدە قۇت، كۈن ـ تۈن رىيازەت دەملىرى،
تىلدى باغرىڭنى تىتىپ غەم ھەرىسى.
ھۆرمىتىڭ چوڭ، يوق جاھاندا تەڭدىشىڭ،
سەن مېنىڭ مەڭگۈگە سۆيگۈم قىبلىسى.
قۇت تاپار شائىرلىقىم كۈيلەپ سېنى،
سەن ھامان ھەمدۇسانايىم تېمىسى!

## 27

بىر جانانىڭ ئوت ـ پىراقى قىلدى مەست،
مۇشكى ئەنبەر — ھىد ـ پۇراقى قىلدى مەست.
تەرك ئېتىپ ئۇيقۇنى يۈرسەم تۈن ئارا،
مىسلى چولپان جۇپ قاراقى قىلدى مەست.
ئۇ بىلەن كەزگەندە چۆل بولدى چىمەن،
گۈل ئەمەس، يارنىڭ زىناقى قىلدى مەست.
يوق تاۋاپگاھىم ھامان ئۇندىن بۆلەك،
سەرۋى بوينىڭ قاش ـ قىياقى قىلدى مەست.
ئاينى كۆكتىن قوغلىدى قۇندۇز چېچى،
غۇنچە لەۋنىڭ رەڭ ـ سىياقى قىلدى مەست.
بەرمىگەن ھېچبىر بۇلاق كەۋسەر ماڭا،
شۇ پەرى مېھرى — بۇلاقى قىلدى مەست.
كەلمىگەچ باشقا بۇرۇن چىن پۈتمىگەن،
سۆيگۈنىڭ مۇشكۇل سىناقى قىلدى مەست.
سۆيگۈگە قىلماق ۋاپا ۋىجدان ئىشى،

قىنى؟ دەپ ۋىجدان سوراقى قىلدى مەست.
ئەھدىگە قىلغاي ۋاپا ئابدۇرېھىم،
چۈنكى يارنىڭ ئىشتىياقى قىلدى مەست.

28

ياشىنىماس ھېچ نەرسە ئىمكان بولمىسا،
سۇ، ھاۋا، نۇر، يەر، ئوزۇق - دان بولمىسا.
يەرگە چاچقان دان - ئۇرۇقتىن نە ھوسۇل،
ئۇنى پەرۋىش قىلغۇچى دېھقان بولمىسا؟
تەر نېمە، دېھقان نېمە نەدىن بىلۇر،
بىر دانا، ئاقىل قەدىردان بولمىسا؟
دان تۇتار بىر تامچە تەردىن بىر باشاق،
نە قىلۇر جان، يازدا خامان بولمىسا؟
كاتتا ئالىم، داھىي، زەردار، يازغۇچى ...
تەن بېرۇر تەقدىرگە ئاش - نان بولمىسا.
يەڭ، ئەنە نېمەتكە تولغان داستىخان،
نەدە ئۇ، ئاققان تەرۇقان بولمىسا.
ئەڭ ئۇلۇغلار تاجىسى دېھقان ئاتام،
ئاينىماس ھېچ نەرسە شۇ جان بولمىسا.

29

ياشلىقىم بەخشەندە دەپ جانان ئۈچۈن،
جاننى تىكتىم ئاشۇ ئوت - گۈلخان ئۈچۈن.
ئىشقى بىدار قىلدى، قەلبىم بولدى خۇن،
تاپمىدى تەسكىن كۆڭۈل ئىمكان ئۈچۈن.

ھەممىدىن كەچتىم، يۇرەك بولدى كاۋاپ،
شۇ گۇزەل، گۇل سەرۋىرى ئىنسان ئۇچۇن.
ئۆتسە جاندىن سوغ، تومۇز كۆيدۇرسىمۇ،
دىمىدىم ۋاي، قۇت - ۋىسال، خەندان ئۇچۇن.
ياغسىمۇ مۆلدۈر بولۇپ تىل ئوقلىرى،
ساقلىدىم ئەھدە - ۋاپا رەيھان ئۇچۇن.
بىۋاپا ئەغيار، كەمەككەن ئەسلى ئۇ،
بولدى بەربات كۆيگىنىم نادان ئۇچۇن.
يازدا قار ياغدى، گۇلىستان بولدى چۆل،
ئۇرما ئاھ ... ئابدۇرېھىم شەيتان ئۇچۇن.

30

تەڭ ھامان بىر بومبا، بىر دان قۇدرىتى،
چۇنكى سىڭگەن دانغا دىھقان قۇدرىتى.
سالپىيىپ ياتقان تاغارلار تىك تۇرار،
يازدىكى خاماندا ھەر جان قۇدرىتى.
شۇرقىراپ ئاققان پىشانە تەرىدىن،
ئىرغىغاي ئەسلەرگە ئوكيان قۇدرىتى.
باش ئېگەر تاغلارمۇ تىترەپ ئالدىدا،
بار ئۇنىڭ جىسمىدا ۋولقان قۇدرىتى.
ئىللىتار جۇتلارنى ئوتلۇق مېھرىدىن،
باغرىدا بار بەلكى گۇلخان قۇدرىتى.
تۇرىدۇ جانلارغا ئۇ مەڭگۇ ئارا،
ئەجرىدىن نازىل بولۇپ نان قۇدرىتى.
خۇرۇچ ئىسىل داستانلىرىغا تائەبەد،
جانىجان دىھقان قەدىردان قۇدرىتى.

# مەن ۋەتەننى كۈيلىدىم قىزغىن

مەن ۋەتەننى كۈيلىدىم قىزغىن،
تالاي شائىر سۆزىدە بولغۇن.
ئاگا ئوتلۇق نىگاھ تاشلىدىم،
تۇمەن ئاشىق كۆزىدە بولغۇن.

مەن ۋەتەننى كۈيلىدىم قىزغىن،
سىياھ قىلىپ يۈرەك قېنىمنى.
ئايانمايمەن ئاگا بېرىشتىن،
كېرەك بولسا شېرىن جېنىمنى.

مەن ۋەتەننى كۈيلىدىم قىزغىن،
گۈللەر چاچقان ئىپار - بۇي بىلەن.
تارتۇقلىدىم پۈتۈپ نەزم - كۈي،
ئانام بەرگەن ساددا خۇي بىلەن.

مەن ۋەتەننى كۈيلىدىم قىزغىن،
يارغا تالىق ئوتلۇق سۆيگۈدە.
ئەقىدەمنى بەخشەندە قىلىپ،
يايراپ كەلدىم سۆيگۈ بەھرىدە.

مەن ۋەتەننى كۈيلىدىم قىزغىن،
ئوغۇز ئەمگەن تاتلىق تىلىمدا.
«قىرىق يەتتە يېشىڭ مۇبارەك!»
دېدىم ئاگا يۈرەك - دىلىمدا.

مەن ۋەتەننى كۈيلىدىم قىزغىن،
تۇراي قانداق جىمجىت، ساداسىز.
بولىبولىمەن، ئۇ بىر لالىزار،
ئۆتەي قانداق ئۈنسىز، ناۋاسىز!

1996 - يىلى 7 - فېۋرال، خوتەن

## سۆيگۈ بىلەن ...

سۆيگۈ بىلەن مەنىلىك ھايات،
سۆيگۈ بىلەن مەۋجۇت بۇ ئالەم.
ئۆزگىلەرنى سۆيەلىسە كىم،
سۆيۈلىدۇ شەكسىز شۇ ئادەم.

مەۋجۇت ئەمەس، ئەمما بۇ دۇنيا،
قانغان كۈنى سۆيگۈگە ئادەم.
سۆيۈلۈشتە، سۆيمەكتە مەنە،
تەلپۈنۈشتە مەۋجۇت بۇ ئالەم.

1996 - يىلى 18 - يانۋار، خوتەن

## كۆزۈڭ سۆزلەر كۆڭۈل سىرىڭنى

كۆز كۆڭۈلگە سادىق تەرجىمان،
كۆزۈڭ سۆزلەر كۆڭۈل سىرىڭنى.
كۆزلىرىڭدە قۇچاقلاپ، سۆيۈپ،
تەڭلىمىدىڭ شېرىن لېۋىڭنى.

ھەر ئۇچراشساق ماڭا تىكىسەن،
جىمىرلىتىپ ئوتلۇق كۆزۈڭنى.
قۇچاقلىسام نازغىپ قاچىسەن،
يا ئېيتمايسەن يۈرەك سۆزۈڭنى.

كىرپىك قېقىپ، تەبەسسۇم قىلىپ،
جاننى ئېلىپ، قويدۇڭ يېنىمدا.
لەۋ جامىڭنى سۇنمىساڭمۇ بىر،
تاتلىق سېزىم ئاقار قېنىمدا ...

لەۋز ھالال، نەق گېپىڭنى دە،
مېنى ئۇنداق يۇرمە ئەگىتىپ.
چىن يۈرەكتىن سۆيسەڭ ناۋادا،
يۈرىكىمنى ئۆتكىن سەگىتىپ! ...

1996 - يىل 28 - يانۋار، خوتەن

## سەن ئەمەس ۋېناس

ھۆسنىڭدە يوق پەردازدىن ئەسەر،
ھەم يوق ئانچە گۈزەل لاتاپەت.
غەيرىي خۇلق ۋە نازدىن يىراقسەن،
ھەمراھ قىزلىق غۇرۇر، نازاكەت.

كۆزۈڭدە بار سۆيگۈ جىلۋىسى،
قىلىقىڭدا ساددا سەبىيلىك.
مەڭزىڭ گويا ئانار دانىسى،
يوقالمىغان پاكلىق، تەبىئىيلىك.

سەمىمىيلىك، رايىش مىجەزلىك،
ئويغاتتى بۇ كۆڭلۈمدە ھەۋەس.
ئويناپ كۆزۈڭ كەپتەر كۆزىدەك،
ئالدى مېنى ئىلكىگە ھەس - ھەس ...

قەھ - قەھ ئۇرۇپ كۈلۈشلىرىڭدىن،
ئويغىنىدۇ يېڭى تاڭ، باھار ...
يۈرىكىمدە بىر شېرىن تۇيغۇ،
ئاڭا يىلتىز سەندۇرسەن ئانار.

سەن سەھرانىڭ ئاددىي بىر گۈلى،
رەڭگى ئۆڭمەس، مەڭگۈ توزۇماس.
يۈرىكىمدە بۈيۈك ئوبرازىڭ،
لېكىن سېنى دېمەيمەن ۋېناس ...

1996 - يىل 28 - يانۋار، خوتەن

## جامالىڭدا رەڭ ئېچىپتۇ گۈل

ئۇپۇقتىكى زەر قۇياشمۇ سەن،
خوتەن قىزى، يېڭى بالقىغان.
يۈزلىرىمگە زەر نۇر چېچىلدى،
باققىنىمدا مەڭزىڭگە جانان.

تەپچىپ ئانار رەڭگى لېۋىڭدە،
جامالىڭدا رەڭ ئېچىپتۇ گۈل.
كۆزلىرىڭدە شەپەق جۇلاسى،
گۈلگۈن رەڭگە چىلاندى كۆڭۈل.

كىرگىنىڭدە گۈللەر ئارىلاپ،
گۈلدىن پەرق ئەتمەك بولدى تەس.
گۈل تۇغقانمۇ سىنى، گۈلنى سەن؟
بولۇپ قالدىم مەيسىز غەرق مەس.

ئۆرۈم - ئۆرۈم چىچىلىك چىرمىشىپ،
دىلنى يىپسىز بوغۇپ تورلىدى.
قارىچۇقىڭدىن يامرىسا بىر تۈن،
جۇپ قىلىچىلىك كۆڭلۈم ئۇۋلىدى.

يۈز تۇرانە ئىغىز ئاچالماي،
مەكتۇپ سۇندۇم سەھەر سابادىن.
باغرى چاك - چاك بۇلبۇل ناۋاسى،
ئەجەب ئەمەس يەتسە سامادىن ...

1996 - يىل 13 - ئاۋغۇست، خوتەن

## يەم بولدى چىن سۆيگۈم ھەۋەسكە

قەسەم بەرگەنىدىلىڭ ماڭا ئۇز،
ئەي پەرىشتەم دەسسەپ تۇرۇپ تۇز.
تەشنا دىلغا بەرمەي ئاراملىق،
كەتمەكچىمۇ قالدۇرۇپ يالغۇز؟

ۋەدىلەرنى ئىلىپ قوي ئەسكە،
ئايلانسىمۇ ئەقىدەم خەسكە.

كىم سۈرۈپتۇ ۋىسال پەيزىنى،
بىرىلگەندە مەشئۇم ھەۋەسكە؟!

مەيلى كەتسەڭ، كېتىۋەر، ئەي ئۇز،
بۇندا مەڭگۈ قالماسمەن يالغۇز.
پۇشايماندا كۆيەر ۋىجدانىڭ،
يۈرىكىڭگە قۇيۇلغاندا تۇز.

1996 - يىل 13 - ئاۋغۇست

## تارىخنى يازار ھەر ئادەم

بۇ ئالەمنىڭ قىسمىتى بەك كۆپ،
گاھ كۈلدۈرۈپ، يىغلىتار گاھى.
شاد، بەختىيار يۈرسە بەزىلەر،
بەزىلەرنىڭ بار غېمى، ئاھى.

بەسى مۇشكۈل ئالماق قەلەمگە،
شادلىقلارنى، ئاچچىق ئەلەمنى.
جۇتنى باشلاپ كەلسە نامەردلەر،
مەردلەر باشلاپ كېلەر كۆكلەمنى.

كۈن، ئاي ئۆتۈپ ئالمىشار پەسىل،
تارىخنى يازار ھەر ئادەم.
ئامەت تاپار ئايەت ئىچمەس،
كىمدە بولسا غەيرەت، ئەقىل - پەم.

1996 - يىل 3 - سېنتەبىر، خوتەن

# باشلىقىمغا خەت

زەپ ئۆتۇلدى قەدرىڭىز ئەي باشلىقىم،
دىدارىڭىز بولدى ماڭا تۇتىيا.
سۆيۈۋالاي قولىڭىزنى بىر قېتىم،
چېھرىڭىزدىن تۆكۈپ تۇرۇۋۇ نۇر - زىيا.

ئىشخانىڭىز گوياكى خان ئوردىسى،
كىرەلمەيمەن يېنىڭىزغا يۈرەكلىك.
بوسۇغىڭىز ئېگىز داۋان، پىلسىرات،
ئۆتەلمەيمەن يوقاپ مەندە زىرەكلىك...

ئىشىكىڭىزدە تۇردۇم نەچچە تېۋىنىپ،
بولالمىدىم كۆرۈشۈشكە مۇيەسسەر.
خۇش بولاتتىم، قول بەرسىڭىز بىر قېتىم،
گويا بەرگەن كەبى ئالتۇن نەچچە سەر.

غۇيۇلدايدۇ پىكاپىڭىز توختىماي،
قالدىم قىسمەت دوقمۇشىدا ھالسىراپ.
يولىڭىزدا تېشىلەي دەپ قالدى كۆز،
كۈتۈشلەردىن كەتتى يۈرەك قانسىراپ.

پۇقرايىڭىز دەرد ئېيتىشقا ئامالسىز،
تۇتتى سىزگە يۈرىكىنى قىلىپ خەت.
يېتىپ قالسا پات پۇرسەتتە ۋاقتىڭىز،
كۆرۈشۈشكە بېرەرسىزمۇ ئىجازەت؟!

1996 - يىل 11 - سېنتەبىر، خوتەن

## ئۆپچۆرەمدە ئالتۇن قەلبلەر

قۇلاقتىن قۇيىلار يۇرەكلەرگە بال،
سەمرىتتى، كۇلدۇردى مېنى شۇ ئۇنلەر.
قولۇمدا ئالتۇنغا ئايلىنار داشقال،
كۇندە ھېيت، ھېيت بولۇپ ئۆتمەكتە كۇنلەر.

چۇنكى بار چۆرەمدە ئالتۇن قەلبلەر،
تىلىشەر قۇت - بەخت، رىشتىلەر تۇتاش.
ئېزگۇلۇك قوينىدا يورۇقتۇر تۇنلەر،
باقىدۇ ھەيرەتتە يۇلتۇز، ئاي، قۇياش ...

كۆڭلۇمگە كۇي بەردى دوستلىرىم بولۇق،
پۇتۇلدى پەرۋازدا ئۇپرىماس قانات.
شۇلارنىڭ شەنىگە جېنىم تەسەددۇق،
قالتىس بىر ئەقىدە بەردى بۇ ھايات.

1996 - يىل 21 - ئاۋغۇست، خوتەن

## شەپەرەڭگە ياقمىدى بۇ ھال

ئۇزۇپ چىقتى كۆككە ئاي پەرى،
كائىناتقا تال - تال نۇر چېچىپ.
ئاھۇ كۆزلۇك بۇلاقلار بۇ دەم،
كۇلدى ئاڭا باغرىنى ئېچىپ.

ئاي تاشلاندى كۈمۈش بۇلاققا،
ئاق بىلىقتەك ئۈزۈپ ئوينىدى.
يىڭنە چۈشسە بولار تاپقىلى،
ئالەم سۈتتەك ئاپئاق يورۇدى.

نۇرغا تولدى كائىنات شۇنداق،
شەپەرەڭگە ياقمىدى بۇ هال.
ئۇ ئۆزىنى ئۇردى تاملارغا،
كۆڭلى تىلەپ قاراڭغۇ - زاۋال ...

1989 - يىل 6 - ئىيۇل، بۇلاقسۇ

## ئېزگۈلۈككە تەشنا بارچە جان

ئادەم تۇگۈل ئالەم سىغىدۇ،
ياخشىلارنىڭ كۆڭلى كەڭ جەننەت.
ماكان تۇتقان چېھرىنى قۇياش،
كۆزى ئاپتاپ پۇرقۇيدۇ ئەبەد.

شېرىن سۆزى باهار سۈيىدەك،
ۋۇجۇدىغا يامرار كىشىنىڭ.
ئۆزگىلەرنىڭ قۇت - بەختى ئۈچۈن،
ئىچ ۋە تېشى قاتار بېشىنىڭ.

تۇتاشتۇرۇپ يۈرەك رىشتىنى،
باشلاپ كىرەر دىلغا مۇهەببەت.
دوست يولىغا قەلبى پاياندار،
باغقا باشلاپ سۇنىدۇ شەربەت.

مۇشكۇللەرگە باش ئەگمەي هامان،
ئىنسانلىقنى ئاقلايدۇ شۇلار.
جاننى تىكىپ ئەل - جانان ئۈچۈن،
چىن خىسلەتنى ساقلايدۇ شۇلار.

ياخشىلار كۆپ، ياخشىلار بىلەن،
هايات قۇۋناق، گۈللەيدۇ ئالەم.
ئېزگۈلۈككە تەشنا بارچە جان،
رەزىللىكتىن يىرگىنەر ئادەم ...

1994 - يىل 1 - ئاۋغۇست، خوتەن

## ... ۋەزنى بولمىغاچ

ياڭاق پاسالڭ قىلدىم بىر كۈنى،
شاخنى قېقىپ ئۈزۈن غۇلدىدا.
تولدى قويۇن، يانچۇقلىرىم لىق،
ئەجرىم بىلەن تاپقان ئولجىدا.

هەيران بولدۇم: بەزى ياڭاقلار،
ئۈچۈپ چۈشتى سەكرەپ، شاراقلاپ؛
چىپ توختىدى چۈشكەن يېرىدە،
بەزىلىرى كەتمەي يىراقلاپ ...

ئەمدى بىلدىم، پۇچەك ياڭاقلار،
تاقلاپ كەتكەن مېغىز تولمىغاچ ...

ئىچى قۇرۇق — يەڭگىل شەيئىلەر،
سەكرەر شۇنداق ۋەزنى بولمىغاچ.

1996 - يىل 1 - دېكابىر، خوتەن

## ئەتە ئۇچۇن بۇگۇن غەم يېدىم

چاچراپ چىقتى روھىم قىنىدىن،
چەكسىزلىككە ئىنتىلىپ ئېڭىم.
زۇلمەت تۇننى بۆسۈپ چېكىدىن،
ئاتتى نۇرلۇق، ئۈز - گۈزەل تېڭىم.

پەرۋاز قىلدىم ئۈمىد كۆكىدە،
تەشۋىشلەردىن خالىي، بىگۇمان.
«مەغلۇپ» سۆزى لۇغىتىمدە يوق،
ئۇدۇم ماڭا غالىبلىق ھامان.

ھېسلىرىمغا ھاكىم ئەقىدەم،
دىلدا مەھكەم تۇيغۇ، ئېتىقاد.
ئۆلۈمگە باش ئەگمەس ئىرادەم،
ئەكسى ھالەت يىلتىزىمغا يات.

ھايات گويا دولقۇنلۇق دېڭىز،
بىخۇدلارنى يالمار، يوق ئامال...
قىلالمايدۇ ئەرلەرنى ھەرگىز،
زۇلۇم - ستەم بوزەك ۋە قامال.

ئىسكەنجىدىن سوغۇرۇلۇپ دەردىنىڭ،
ئاقلانغۇم بار ۋىجدان سوتىدا.
قەدىرلەيمەن بەخت ـ ئەركىمنى،
كۆيسەممۇ گەر ھىجران ئوتىدا ...

قىستاپ مېنى بۇرچ تۇيغۇسى،
ئاسىي روھنى قىل دېدى، بەربات.
ئەتە ئۇچۇن بۇگۈن غەم يېدىم،
بار ئەمەسمۇ ئالدىمدا ئەۋلاد؟!

1997 ـ يىل 21 ـ فېۋرال، خوتەن

## تاڭ ئىستەكلىرى

تىغ تەگدى چۇشلەرنىڭ يۇمران كۆكسىگە،
يېرىلدى «ۋاككىدە» ئۇپۇق ئانارى.
تۆكۈلدى تورۇكلاپ دانە ـ دانە نۇر،
كىرپىكلەر ئاجرىدى قانماي خۇمارى ...

بويالدى كۆك يۈزى دات رەڭ تۇس ئېلىپ،
پارلىدى سۇبھىنىڭ لېۋىدە قۇياش.
تاتاردى تاغلارنىڭ چوققىسى مىستەك،
ناز قىلدى ياپراقلار مەڭزىدىكى ياش.

باغلاردىن چېچىلدى خۇشبۇي مۇئەتتەر،
جانلارنى مەيسىز مەست ئەيلىدى ھۇزۇر.
بۇلاقلار زەر چايقاپ تۆكۈشتى كۆلكە،
ئېقىنلار باغرىدا تولغاندى پاك نۇر.

ئويغاندى - كۆز ئاچتى پاناهسىز ئۇمىد،
تۆشەكتىن قوغلاندى غەپلەت ئۇيقۇلار.
ھەسرەتتە قىيسايدى بىچارە ھىلال،
تۇغۇلدى گۈللەردە يېڭى تۇيغۇلار.

چاڭلارنىڭ كىرپىكى نەملەشتى بۇ دەم،
دەريالار قىنىدا جاراڭلار ناۋا.
قىيغىتىپ سابالار سۆيدى تاڭ ئارا،
روھىمنى ئويغاتتى پاكلانغان ھاۋا.

قان چاچتى ئەتراپقا چوغسىمان شەپەق،
ئوت كەتتى قۇشلارنىڭ كۆلەڭگۈسىگە.
يالىندى زېمىننى ئاتەش ئەجدىھا،
ھېسلىرىم چىرماشتى ئەلەڭگۈسىگە ...

1997 - يىل 15 - مارت، خوتەن

## يۇرتۇم

يەر شارىنىڭ ئالىقانچىلىك يېرىگە،
پۈتۈن ئىشقى - مېھرىم بىلەن قارايمەن.
مەھمۇد، يۈسۈپ[1] كۆرگەن ئاشۇ ئېرەمگە،
تېۋىنىمەن، مەڭگۈ باغرىم سۈۋايمەن.

---

[1] بۇ يەردە مەھمۇد قەشقەرى ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپ كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئۇ تارىختا «بوراخىلتاي» دېيىلگەن،
چىققاچ ئاتنىڭ ئەڭ سەرخىلى - ياخشىسى.
هازىرقى ئۇز، يېڭى نامى بۇلاقسۇ، [1]
بېرەر جەننەت ھۆزۈرىنى جەزبىسى.

ئۇ يەر مەككە - مۇكەررەمدىن مۇقەددەس،
ئابى زەمزەم زىلال سۈيى مەن ئۈچۈن.
يەر باغرىدىن ئۇرغۇپ چىققان بۇلاقلار،
بېرەر ئارام ئەللىيىدەك كۆي ۋە ئۈن.

پەخىرلىنىپ تىلغا ئالسام نامىنى،
سۆزۈك ھېسلار تاشار دىلدىن بۇلاقتەك.
خىزىر پايى يەتكەن گۆھەر زېمىن ئۇ،
چاقناپ تۇرار گويا ئالتۇن تاۋاقتەك.

ئەلۋەك سۈيى قوزغار دىلدا ئىپتىخار،
بولدى قۇملار چېچەكلەپ ئۇز گۈلىستان.
كەلدى مىليارد قۇش تىلىدا كۈيلىنىپ،
ئۇ مىسالى نېمىتى مول داستىخان ...

خىيال قىلىپ جەننەتتەك ئۇز تۇرقىنى،
يۈرىكىمنى شادلىق، نۇرغا ئورايمەن.
ئاڭا باغرىم سۆۋاپ ھەمدە تېۋىنىپ،
كەلگۈسىدىن پۈتمەس داستان سورايمەن!

1997 - يىلى 11 - فېۋرال، بۇلاقسۇ

---

[1] بۇلاقسۇ — قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ سۈيى مول، مەنزىرىسى گۈزەل، باي بىر يېزىسى.

## ئۆزگىلەرنى يىغلاتمىدىم، يىغلىدىم

مەن ئەمەس يىغلاڭغۇ، مىشچان، ياچىۋەك،
ۋە لېكىن يامغۇردەك تۆكمەن قان - ياش.
مەڭزىمگە سىرغىغان ياش ئەمەس، بەلكى،
يۈرەكتىن ئېتىلىپ چىققان سۈزۈك تاش.

ئۈستۈمگە غۇلىغان دەرد - ئەلەم تېغى،
ياشايمەن شادلىققا ئىنتىزار بولۇپ.
شۇ سەۋەب يۈرىكىم لەختە - لەختە قان،
ئاھ! ... دەيمەن، ئىڭرايمەن، ئۈمىدكە تولۇپ ...

ئالماستەك چېچىلىپ، سىمابتەك ئېرىپ،
سىغدۇردى بۇ كەڭرى ئالەمنى بېشىم.
قاۋانلار بېشىمدا چېقىشىپ ئۈچكە،
ئۆتمىدى غۇسسەسىز ئوتتۇز تۆت يېشىم.

بىھاجەت ئۆلگەنگە يىغلاپ ئاھ ئۇرۇش،
تالىق بۇ قان - يېشىم هاياتلار ئۈچۈن.
ئۆزگىنى يىغلاتماي، يىغلىدىم ئۆزۈم،
ئۆزۈمگە، ئۆزگىگە ئېچىنىپ بۈگۈن ...

1997 - يىل 22 - فېۋرال، خوتەن

## ئارمان

پاك دۇنياغا ئىنتىلىپ چەكسىز،
ئەجىر قىلدىم، ئۆزۈمنى ئاتاپ.

رەزىللىكنى كۆرمەسكە سىلىپ،
يۇردۇم قارا كۆزەينەك تاقاپ.

چۈمدى بۇ دەم سۇكۇتكە مىڭەم،
ۋۇجۇدۇمنى قورشىدى ئازاب.
ئۆلسە تامام كونا ھۇجەيرەم،
چىقسام قايتا ئۆزۈمنى ياساپ!

## نادانغا بىر سۆز

«ھەممىنى ھەل قىلغۇچى مال، پۇل» دېمە،
مەن پاراغەت ئىلكىدە، سەن قۇل، دېمە.
مەندە زەرباپ، خان يىپەكتىن ئۇستۋاش،
ئۆزگىلەرنىڭ ئەڭنى بۆز، جۇل - جۇل، دېمە.
پۇل تېپىپ دەل جايىغا ئىشلەتمىسەڭ،
بۇ ھاياتقا پۇختا سالدىم ئۇل، دېمە.
ئەي نادان، خەلقىڭگە نەپ بەرمەي تۇرۇپ،
مىنگىنىم ئالتۇن ئىگەر دۇلدۇل، دېمە.
كۆرگىنىڭ پەقەتلا بۇرنۇڭنىڭ ئۇچى،
ئالدىراپ مەن كۆكلىدىم، سەن سول، دېمە.
پۇل - مېلىمنىڭ كۇچىدىن ھەتتاكى مەن،
ئوينىتارمەن جىننىمۇ ئۇسسۇل، دېمە.
«پۇل - پۇچەك»تە ئۆلچىگەي نەرخىڭنى كىم،
پەن ئۆگەن، مەن پۇل بىلەن مەشغۇل، دېمە.
پەن بىلەن روھىڭنى ئويغات ئەڭ ئاۋۋال،
تۆت ئاچالدا تۇرىمەن دىلغۇل، دېمە.

پۇلمۇ تاپ، ئاۋۋال ئەقىل تاپ، قۇچ شەرەپ،
شۇندا كۆكلەيسەن ھەقىقىي، پۇل دېمە! !

1995 - يىل 12 - سېنتەبىر، خوتەن

## كۆل بۇگۈن

ھەرقاچان بولماس نېسىپ ھەر كىمگە شادلىق، كۆل بۇگۈن،
كۆپ ياياق يۇرگەن تىكەندە، ئەمدى ئاتلىق، كۆل بۇگۈن.
تاشلىدىڭ كۇرەك تۇماق، كونا چاپاننى بىر يولى،
خۇددى تاۋۇس رەڭگىدە بولدۇڭ سۇباتلىق، كۆل بۇگۈن.
سالدۇرۇپ دوختۇرخانا، مەكتەپ ۋە كۆۋرۈك ئەل ئۇچۇن،
ئەيلىدىڭ تەنلەرنى ساق، ئەلنى ساۋاتلىق، كۆل بۇگۈن.
بەزىلەر پۇل تاپسا باردى ھەج - تاۋاپقا مەككىگە،
سەن بىلىپ ئەلنى ئۇلۇغ، بەردىڭ ھاياتلىق، كۆل بۇگۈن.
كېچە - كۈندۈز ۋەسۋەسىگە سالدى ئەل - مىللەت غېمى،
تىركىشىش مەيدانىغا ئۇچتۇڭ قاناتلىق، كۆل بۇگۈن.
باشپاناھ بولدۇڭ ئېلىڭ - مەھەللەڭگە، تارتساڭمۇ جاپا،
يۇكسىلىپ قىلماقچى، قىلدىڭ باي - بىساتلىق، كۆل بۇگۈن.
كىم بېرەلەيدۇ يۇرەكتىن سۇغۇرۇپ خەقلەرگە سېنت،
سەن تۇمەنلەپ خەجلىدىڭ، سەن ئەر سۇباتلىق، كۆل بۇگۈن.
غۇسسە - غەمسىز شاد ياشاركەن تۇل، يېتىم مەھەللەڭدىكى،
سەن بىلەن بولغاچ ئۇلارمۇ باي، ھىماتلىق، كۆل بۇگۈن.
چاپتى ئون يەتتە ماشىناڭ سەپ تۇزۇپ يولدا راۋان،
ئات - ئۇلاغ مىنمەي داداڭ ئۆتكەن ئۇياتلىق، كۆل بۇگۈن.
ھەممە ئىشتا ھەرقاچان بولدى ساڭا يار غەلىبە - شان،
سەن پەرىشتە مەرد - سېخىي ھەم قۇت - نىجاتلىق، كۆل بۇگۈن.
زور پىلانىڭ بار تېخى — ئالىي بىلىم يۇرتى قۇرۇش،

ھەممە ماختاپ دەر سىنى: «ئۇ ئىلتىپاتلىق» ، كۆل بۇگۈن.
كونىلار ئېيتقان: كۆرۈنگەن تاغ ئەمەس ئەسلا يىراق،
بولغۇسى ھەل بۇ مۇرادىڭ پاتلا، تاتلىق كۆل بۇگۈن.
كەتتى نامىڭ كەڭ جاھانغا ساپ ھاۋادەك تارقىلىپ،
ئەل ئۇنتۇمايدۇ «كېرەم باي»[1]—ياخشى ئاتلىق، كۆل بۇگۈن؟!

1991 - يىلى 9 - ئاۋغۇست، خوتەن

## ھىممىتىڭگە باغلىق قىممىتىڭ

ئوخشىمايدۇ ئەزەلدىن - ئەبەد،
ھەر كىشىنىڭ تەقدىر - قىسمىتى.
باغلىق پەقەت ھىممەت، تەرىگە،
ئىززەت - ھۆرمەت، قەدىر - قىممىتى.

ئەجرىدىن گۈل تەرگەچ بەزىلەر،
پۈركەندى ئۈز گۈلدە قەبرىسى.
«گۈلچى» دېگەن نامدا ئاتالدى،
ئوغۇل - قىزى ھەتتا نەۋرىسى.

تىكەن تېرىپ باسقان يولىغا،
نام - نىشانسىز كەتتى بەزىلەر.
لەنەتلەرگە كۆمۈلۈپ تۈگەل،
ياتار ئەنە مۇڭلۇق قەبرىلەر ...

[1] كېرەم باي — ئاپتونوم رايون بويىچە مائارىپنى قوللاش نەمۇنچىسى كېرەم ئىمىنىنى كۆرسىتىدۇ.

دېمەك، نېمە تېرىسا ھەركىم،
شۇ ئۇنىدۇ قەبرە بېشىدىن.
قەبرىسىنى ياسايدۇ ئۆزى،
ھاياتلىقتا قىلغان ئىشىدىن.

1991 - يىل 19 - ئاۋغۇست، خوتەن

## نورۇز ئىلھامى

1

بېقىپ ئىللىق كۈلۈپ كەلدىڭ ئەجەب ئۆز يىل بېشى نورۇز،
ئېرىپ قار - مۇز، كېتىپ بۇ دەم تەبىئەتنىڭ قىشى، نورۇز.
سېنىڭ مېھرىڭدە ئىللىپ يەر - زېمىن توزدەك ياساندى ئۆز،
بۇنىڭ مىسالىدۇر تاللارنىڭ چىرايلىق ياسىنىشى، نورۇز.
قۇچاق ئاچتى سېنى قۇتلاپ چېچەكلەر يەلپۈنۈپ باغدا،
چۈمۈپ شادلىققا كۈي قاتتى جاھاننىڭ بار قۇشى، نورۇز.
بۇگۈن ئۆي - ئۆيدە توي - مەشرەپ ناۋالار ئەۋجىگە چىقتى،
ئېتىلدى ھۆرمىتىڭگە داش قازانلارنىڭ ئېشى، نورۇز.
تېپىپ سەندىن يېڭىلمەس كۈچ، بۆكىنى قىرلىدى دېھقان،
بۇرالدى كەڭ ئېتىز - قىرغا سوپەكۋاينىڭ بېشى، نورۇز.
كۆكۈللەر شادلىقى دەريا كەبى تاشقىن ياساپ ئاقتى،
ساڭا ياغدى يۈرەكلەرنىڭ خۇشاللىق، ئالقىشى، نورۇز.
شىۋىرلاپ ئۆز بۇ دەم ئابدۇرېھىمنى سەن دەۋەت قىلغاچ،
يېڭى ھېس - تۇيغۇدىن نەزم پۈتۈش بولدى ئىشى، نورۇز.

2

جەنۇبتىن كەلدى قاقىرلار تۈزۈپ سەپ، جۈت قايان كەتتى؟
كېيىپ جۈل - جۈل كېپەن - تونىنى مۆكۈپ تاغلار سايان كەتتى.

ئېچىپ كەتكەن خېمىردەك يەر يېرىلدى، يۇمشىدى لۆمشۈپ،
بەدەننى تىترىتىپ لاغ - لاغ، قۇترىغان شۇم چايان كەتتى.
كۈلۈپ كۈنگەيدە بىخ ياردى بولۇق، رەڭدار گىياھ، ئوت - چۆپ،
تۇغۇلدى قوزا - ئوغلاقلار كۈنى، باشتىن پىغان كەتتى.
ئېرىپ قار - مۇز، بۇلاقلارنىڭ ئېچىلدى شوخ كۆزى ئويناپ،
يىلاندەك تولغىنىپ سۇلار يېشىللىقلار تامان كەتتى.
سېلىپ يادىمغا ئۇنتۇلماس نادانلىق — بالىلىق چاغنى،
تېرىپ يالپۇز، بېدە بۆككە ئوماقلار يانمۇيان كەتتى.
سامادا پەر قېقىپ تورغاي سەھەر دەم ئۇيقۇنى بۇزدى،
يىگىت قوزغالدى ئورنىدىن، ئېتىزغا قوش - ساپان كەتتى.
كۆڭۈللەر قېتىدىن ئۇرغۇپ گۈزەل ئىلھام دەۋەت قىلغاچ،
باھارغا تىل يۇگۈردى — بۇ قەلەم قۇردا راۋان كەتتى.
دېمەك، نورۇزدا نۇر تەپتى جاھاننى گۈل چىمەن ئەتتى،
ئۇنىڭ خاسىيىتىگە شېئىرىي گۈزەللىكتىن بايان كەتتى.

3

كېلىپ نورۇز، ھاۋا ئىللىپ، كېچە - كۈندۈزنى تەڭ قىلدى،
چىرايلىق گۈل - چېچەكلەرنى باھار مەڭزىگە مەڭ قىلدى.
تۆكۈپ ئەلۋەك نۇرىنى زەر قۇياش جۇتنى سۇرۇپ كەلسە،
كۆزى ياشلاندى تاغلارنىڭ، ئېقىنلار كۈلدى لەڭ قىلدى.
پەرىدەك ئۇز ياساندى بۇ تەبىئەت پەرلىنىپ بۇ دەم،
تۇمەن مىڭ نۇر - بوياقىدا زېمىننى رەڭمۇرەڭ قىلدى.
ئۇچەكتىن چىقتى بار جانىۋار، ئوزۇق ئىزدەشتى تىمىسقىلاپ،
ئانا يەر مېھرىنى چەشمە ئېتىپ، باغرىنى كەڭ قىلدى.
بۇلۇتسىز كۆكتە سەپ تارتىپ بۇ ياققا يانسا توپ تۇرنا،
ئۇنى قوينىغا ئالدى يەر، دېمەي باغرىمنى دەڭ قىلدى.
كېيىپ نورۇز يېشىل مەخمەل تونىنى ئۆتسە ئالدىمدىن،

ئۇنىڭ خاسىيىتى بۇ پەسلى باھارنى ئۇز - سەتەڭ قىلدى.
بۇ دەم ئابدۇرېھىم قەلبى گۈزەل كۆيلەرگە چۈلغاندى،
كۆرەڭ قىشنى قۇياشلىق نەۋ باھارىم دۆت - دېۋەڭ قىلدى.

4

باھار كەلدى، يېشىل مەخمەل يېپىندى يەر،
قۇياش كۆلدى تۆكۈپ يەرگە ھېسابسىز زەر ...
شىۋىرلاپ كەلدى دۇر - ئۇنچە چېچىپ ھەر يان،
ئېرىق - ئۆستەڭدە شوخ ئابىھات - كەۋسەر.
جىمى جاننى ھاياجانغا سېلىپ چەكسىز،
ياساندى بۇ تەبىئەت ئۇز بولۇپ دىلبەر.
ئىچىپ نورۇز ئېشىنى ئىشقا ئاتلاندى،
بېلى چىڭ ئەر قاراڭ، قاقماستا تورغاي پەر.
باھاردىن باشلىغان ئىشتا بولۇر بەرىكەت،
كىمكى پەيتىنى تۇتسا چىڭ ئاشۇ چىن ئەر.
باھارنى كۈيلىدىم مەنمۇ پۈتۈپ نەزم،
پۈراپ ئىلھامنى ئۇرغۇتقاچ تۆكۈلگەن تەر ...

1991-، 1993- يىللار، ئۇرۇمچى - خوتەن

## يۈزلىرىمگە تەگدى
## بىر كاچات

ئىسمىم چىقىپ «مۇنەۋۋەر»لەر قاتارى،
چۈمدۈم چەكسىز ھاياجانغا - شادلىققا.
بولدى بۇ دەم بېشىم كۆككە يەتكەندەك،
يېتىشكەچكە «نەمۇنىچى» ئاتلىققا.

يۈرەك ئويناپ كەتتى، چىقتىم سەھنىگە،
سۇندى باشلىق مۇكاپاتنى، قول سىقتى.
كۈت - كۈت پاراڭ كۆتۈرۈلدى تۆۋەندە،
ھەمدە ماڭا ئالقىش - چاۋاك بوش چىقتى.

ئالدى بۇ دەم ھاياجاننىڭ ئورنىنى،
سوغۇق تىترەك، مۇزدەك جىلۋە، خۇرسىنىش.
مۇكاپاتقا نامۇناسىپ ئىكەنمەن،
ئەمەسمۇ بوش چاۋاك ماڭا دوق، كايىش؟!

يۇقىرىنى ئالداپ، قىلىپ خۇشامەت،
زەھەر يۇتتۇم، ئېلىپ مانا مۇكاپات.
مۇكاپاتنى ئەل بەرمىسە بىكاركەن،
تەگدى بۈگۈن يۈزلىرىمگە بىر كاچات!

1997 - يىل 10 - ئۆكتەبىر، خوتەن

## كۆڭلۈم بەك يېرىم

مەن كىم، زادى كىمگە ئوخشايمەن؟!
سوئال قويدۇم ئۆزۈمگە ئۆزۈم.
كۆز ئالدىمدا ئەجداد سۈرىتى،
ئوخشايدىكەن بوۋامغا كۆزۈم ...

مەيلى ئىدى ئوخشىماي قالسا،
قىياپەتتە ھېچقانداق يېرىم.

يامان يېرى روھىم ئوخشىماي،
بولدى كۆڭلۈم بۆلەكچە يېرىم.

1997 - يىل 22 - سېنتەبىر

## كەچۈر مېنى

بولۇپ ساڭا ئاشىق - بىقارار،
تەشنالىقتا ئېگىلدى بېشىم.
تاپتى بەرھەم قۇتىرىغان ھېسلار،
بەرگىنىڭدە ھىجرانغا يېشىم.

تاتلىق چۈشلەر ئىلكىدە مەستخۇش،
لەۋ جامىڭدىن ئىچتىم مەي - شاراب.
يۈرەكلەرگە ئاقتى توك بولۇپ،
شېرىن تۇيغۇ تىنىمسىز تاراپ ...

بۆلدى ئاخىر قىسمەت خەنجىرى،
ئەقىدەڭدىن يېرىلدىم چاك - چاك.
چۈشتى كىم قۇۋ ھايات دامىغا،
كەچۈر مېنى، مەڭگۈ ياشاپ پاك!

1997 - يىل 19 - ئۆكتەبىر

## مۇئەللىم

1

تىلىڭدىن بال تامار، كۆزلىرىڭدە نۇر،
ئانىدەك مېھرىبان، چېۋەر مۇئەللىم.

نۇر - ھېكمەت تاراتتىڭ قوللىرىڭدا بور،
يىغىپ ساپ قېنىڭدىن جەۋھەر، مۇئەللىم.

نادانلىق - زۇلمەتكە ئوت ئېچىپ پەندىن،
قۇياشتەك ھارارەت چاچتىڭ، مۇئەللىم.
ۋاز كېچىپ تۈنلەردە شېرىن ئۇيقۇدىن،
ئەتىگە يېڭى بەت ئاچتىڭ، مۇئەللىم.

ۋۇجۇدۇڭ تولغاچقا مېھىر - شەپقەتكە،
تالايغا ئىللىقلىق بەردىڭ، مۇئەللىم.
يار بولۇپ بىر ئۆمۈر تالاي قىسمەتكە،
جاپاغا بەرداشلىق بەردىڭ، مۇئەللىم.

تارتىپ قەدەمدە سانسىز مۆجىزە،
ئىللەتكە ياقتىڭ ئوت - گۈلخان، مۇئەللىم.
بولدۇڭ ھەر ئىشىڭدا ئۈلگە - ئەندىزە،
بوغۇنلار ئالدىدا ھامان، مۇئەللىم.

دۇر سۆزدۈڭ پەن ئاتلىق چوڭقۇر دېڭىزدىن،
كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ، مۇئەللىم.
دان تەردىڭ باچكىلار ئۈچۈن ئېگىزدىن،
ئۇيقۇلۇق كۆزلەرنى ئۇۋۇلاپ، مۇئەللىم.

تىنىمسىز بال يىغدىڭ گۈلزار - چىمەندىن،
بولۇپ بال ھەرىسى گويا مۇئەللىم.
مۇرادقا يەتكەندەك چىقتىڭ پۇخادىن،
گۆدەكلەر بەختىنى تاپسا، مۇئەللىم.

پەرۋىشلەپ بىھېساب غۇنچە - چېچەكنى،
ئەجرىڭدىن قاتارغا قوشتۇڭ، مۇئەللىم.
تولدۇرۇپ مېۋىگە قويۇن - ئېتەكنى،
ئالەمچە شەرەپنى قۇچتۇڭ، مۇئەللىم.

يۈزۈڭگە چېكىلدى گۈل - گۈل قورۇقلار،
چېكەڭدە يالتىرار ئاق رەڭ، مۇئەللىم.
يېشىلدى ئەقلىڭدىن تۈگۈن، تىلسىملار،
قىلغاچقا مۇنبەردە سەن جەڭ، مۇئەللىم.

ئەقىدە، ئېتىقاد، غۇرۇر، ۋىجداننى،
سىڭدۈردۈڭ شاگىرتقا غەيۇر، مۇئەللىم.
ئەۋلادلار ئۈچۈن يەپ ئۇلۇغ ئارماننى،
ياشىدىڭ تاغ سۈپەت — مەغرۇر، مۇئەللىم.

جەم بولغاچ ساڭا چىن ھېكمەت، پەزىلەت،
كۆرسەتتىڭ ئەلگە زور ھىممەت، مۇئەللىم.
ئۇلۇغلاپ جىمى سەپ بىلدۈردى ھۆرمەت،
تاپتىڭ ھەم تاپماقتا ئىززەت، مۇئەللىم ...

2

ئەمەس سەن تەڭرى يا خىزىر، پەرىشتە،
پۇقرا سەن، ئەڭ ئاددىي ئادەم، مۇئەللىم.
ۋە لېكىن ھۆرمىتىڭ، قەددىڭ ئەرشتە،
مەمنۇن ئىش - ئىزىڭدىن ئالەم، مۇئەللىم.

يېزىلدى شەنىڭگە تارىختىن بويان،
تالايلاپ قەسىدە، داستان ... مۇئەللىم.

تەرپلەپ بولالماي يېزىپمۇ رومان،
ئەدىبلەر بولدى لال - ھەيران، مۇئەللىم.

پەرۋىشكار باغۋەنى ئەجداد - ئەۋلادنىڭ،
ئەقلىڭدىن كۆچ تاپتى مىللەت، مۇئەللىم.
سەردارى سەن ھامان پارلاق ھاياتنىڭ،
تۈزەلدى سەن بىلەن ئىللەت، مۇئەللىم.

يېتىشتى مېھنەتسىز ئەجىر - تەرىڭدىن،
نى ئالىم، قوماندان، شائىر ... مۇئەللىم.
يېتىلدى نۇر ئىمىپ ھىممەت، بەھرىڭدىن،
بىلىملىك ئىشچى ھەم كادىر ... مۇئەللىم.

ساڭا تەن - قايىلدۇر ئۆتمۈش ۋە بۈگۈن،
خەلقنىڭ غېمىنى يېگەچ، مۇئەللىم.
يېشىلدى ئەجرىڭدىن تالاي سىر - تۈگۈن،
بۇرچۇڭنى مۇقەددەس بىلگەچ، مۇئەللىم.

ئۆخلىساڭ چۈشۈڭگە كىرمەيدۇ پىكاپ،
يۈرۈيسەن پىيادە قاتراپ، مۇئەللىم.
يوق ئېسىل قەسرىڭ، مۈلكۈڭ بىھېساب،
بار نەچچە ئىشكاپتا كىتاب، مۇئەللىم.

تېۋىنىپ، چوقۇندى ساڭا ئەل - ئاۋام،
بولسىمۇ ئورنۇڭ بەك تۆۋەن، مۇئەللىم.
خاس ساڭا جىمىكى ئىززەت، ئېھتىرام،
چۈنكى سەن ئەڭ چېۋەر باغۋەن، مۇئەللىم.

بار مېۋەڭ، شاگىرتلىڭ — ئۆلمەس ئەسىرىڭ،
قىلىنماس جاپايىڭ ئىنكار، مۇئەللىم.
زور بىزگە كۆرسەتكەن ھىممەت، ئەجىرىڭ،
قەلبلەر تۆرىدە سەن بار، مۇئەللىم.

بار سەندە ئەڭ بۈيۈك پەزىلەت، ھېكمەت،
بولغاچ پەن - بىلىمگە سەن تۇغ، مۇئەللىم.
سەن ئۈچۈن بەخشەندە ئالقىشلار پەقەت،
ئادەمسەن، تەڭرىدىن ئۇلۇغ مۇئەللىم!

1997 - يىل 10 - سېنتەبىر، خوتەن

## شائىرلىقىمغا ئىزاھات

شائىرلىق كوچىسىغا كىرگەنىدىم،
شوخ ھەۋەس دەرياسىدا ئۈزۈپ بىر چاغ.
بىرىمەن ئەلگە مېۋە دېگەنىدىم،
ئەجرىمدىن ياساپ گۈلگۈن گۈزەل گۈلباغ.

يۈرۈيمەن شۇ نىشاننى بويلاپ ھامان،
ھەر كۈنى سېلىپ شېرىن جانغا ئىكەك.
بىر ئوت بار ۋۇجۇدۇمدا يېنىپ تۇرغان،
ئۆزۈمنى ئۇرىمەن شۇ ئوتقا دېمەك.

غىدىقلاپ يېزىلمىغان شېئىرلىرىم،
سۆرەيدۇ مەجنۇنلۇقنىڭ كوچىسىغا.
ئېتىلمەي ئەكس ئوتلۇق پىكىرلىرىم،
تاشلايمەن ئۆزۈمنى تون قۇچىقىغا.

كۆرگەنمۇ ئانا تولغاق يېگەننى بەس،
شۇ كەبى يەيمەن تولغاق بىر شېئىرچۈن.
دېمەككە ئاسان، ئەمما چىقمىقى تەس،
ئۆتمىدۇ بىر مىسرانىڭ ئۈستىدە كۈن.

شۇندىمۇ ۋاز كەچمىدىم ئەقىدەمدىن،
ئىرادەم ئېتىقادقا پۈتتى قانات.
زىغىرلاپ ھېساب ئالدىم ھەربىر دەمدىن،
دەپ قىسقا ھەم قىممەتلىك بۇندا ھايات.

قەلبىمدە ھېسسىياتىم گويا قىيان،
ئاقىدۇ دولقۇن ياساپ ھېچ توختىماي.
ئۆمرۈمنى خەجلەپ كەلدىم تارتىپ زىيان،
چاقسىمۇ مىڭلاپ چايان، دېمەستىن ۋاي ...

روھىغا ئاراملىق، كۈچ بېرىپ كەلدىم،
ئادەملىك پەزلى سۇسلاپ كەتكەنلەرنىڭ.
ھامىيسى بولۇپ، كۈيگە قېتىپ كەلدىم،
ئەجرىدىن مۇرادىغا يەتكەنلەرنىڭ.

ئالدىم شۇ ئىخلاسىمغا تۇشلۇق ھوسۇل،
بىلمىدىم، ئەل كۆڭلىگە ياقتىمۇ - يوق؟!
تايماستىن ئۆز يولۇمدا ماڭدىم ئۇدۇل،
قالسامۇ موھتاجلىقتا گاھى ئاچ - توق ...

1997 - يىل 13 - نويابىر

## دۇنيا

تۈت كۇنلۇك مېھمان بىز سەن ئۇچۇن پەقەت،
ئۆزنىپ قويىسەن بىۋاپا دۇنيا.
باغرىڭدا ياشىغان دەملەر غەنىيمەت،
سەن بىزگە دەڭ - ساراي، سەيلىگاھ دۇنيا.

بىر يۇزۇڭ قاراڭغۇ، بىر يۇزۇڭ يورۇق،
ھېكمەتلەر كانىسەن سېھىرلىك دۇنيا.
بەزىلەر توق، سېمىز، بەزىلەر ئورۇق،
قىسمەتلەر كانىسەن مېھىرلىك دۇنيا.

سەن يەشمەك بەك قىيىن قىزىق مۇئەمما،
ھېكمىتىڭ، سىرىڭدىن بولىمەن ھەيران.
كۆرسەتسەڭ بىراۋغا ھىممەت، چىن ۋاپا،
ئەيلەيسەن بىراۋلار بەختىنى ۋەيران.

قىزىقچى دۇنياسەن شۇنداق كارامەت،
ئۇ كۈلسە، بۇ يىغلاپ ئۆتكۈزىدۇ كۈن.
يېتەلمەي سىرىڭنىڭ تېگىگە ئەبەد،
ئارماندا يۈرەكلەر يادايدۇ پۈتۈن ...

1997 - يىل 2 - سېنتەبىر، خوتەن

## ئۆز رەڭگى دۇنيانى كۆرمەك تەس ئەمەس

ھەر كۆڭۈل بىر جاھان ئۆزىگە ئۆزى،
ساختىلىق - راستچىللىق ئاڭا مۇجەسسەم.

قوشكېزەك تۇرمۇشتا سەتلىككە ئۆزلۈق،
تەڭ مەۋجۇت رەزىللىك، ياخشىلىقمۇ ھەم.

قارىساڭ دۇنياغا قانداق كۆز بىلەن،
كۆرۈنەر بۇ دۇنيا ساڭا ئاشۇنداق.
بولمىسا كۆڭلۈڭ ئاق، نىيىتىڭ دۇرۇس،
ئەگرىنى «تۈز» دەيسەن، قارىنى ھەم «ئاق» ...

ئېڭىدا رەزىللىك سۈرسە گەر ھۆكۈم،
جىمىكى مەۋجۇدات تۈيۈلار ساختا.
باقساڭ گەر چىن سۆيگۈ - مۇھەببەت بىلەن،
پارلايدۇ گۈزەللىك، چىنلىق ھەر ۋاختا.

قوغلاشساڭ نام - شۆھرەت، ھارام پايدا - نەپ،
سۈپسۈزۈك قەلبىڭنى قاپلايدۇ غۇبار.
نىشانسىز ئازغۇنغا قالساڭ ئايلىنىپ،
باسىدۇ قالغان ئىش - ئوقىتىڭنى قار.

قولغا ئال ھەقىقىي ئادەملىكىڭنى،
باق، ئاشۇ كۆز بىلەن ئەتراپقا ئاندىن!
ئۆز رەڭگى دۇنيانى كۆرمەك تەس ئەمەس،
تازىلاپ چىقارساڭ «كېسەل» نى قاندىن.

1997 - يىل 25 - دېكابىر، خوتەن

## «راخمان» مېنىڭ نام - ئېتىم

بىر باشلىقنى «تىرەك» قىلىپ خىللىدىم،
كۆچۈكلىنىپ ئۆيگە پات - پات چىللىدىم؛

پاقلان سويۇپ، سىگارت تۇتۇپ، ئوت يېقىپ ...
مەنمۇ ئۇنىڭ جۇۋىسىدا ئىلىلىدىم ...

ئۇيقۇم قاچتى كۇتەلمىسەم «جايىدا»،
كۇنلەپ سالدىم ئايالىدىن گاھىدا؛
«ئۆگەنگەن خۇي ئۆلگۇچە» دەر، راست ئىكەن،
يەلپۇپ سالدىم قىشتا سوغۇق - سايىدا.

ئەل ئاغزىدا «راخمان»[①] مېنىڭ نام - ئېتىم،
ئالماس ئۇنداق گەپنى ھەرگىز پوست - قېتىم؛
شۇنداق ئىشنى قىلارمىدىم، ئويلاڭلار،
بولسا ۋىجدان، كۆتۈرمىسە يۇز - بېتىم!

بۇ خۇسۇستا ئەدەپ «ئۆسەك» پاراڭلار،
دەپتۇ بىزنى: «مېۋىسى يوق باراڭلار ...»
«گېلى پوقنىڭ تىلى يوق» مىش، راست گەپمۇ؟
ئەي جامائەت ئاراڭلارغا قاراڭلار! ...

1996 - يىل 15 - ئىيۇل، خوتەن

## ھەسەتخورغا

ئىشلىرىمدا قازانسام ئۇتۇق،
پۇچىلاندىڭ ئىچىڭنى ئۇۋاپ.
نەگە بارسام خۇددى سايىدەك،
ئەگىشىپلا يۇرۇيسەن جوۋاپ.

---

① راخمان — «باغ» دېگەن تېلېۋىزىيە فىلىمىدىكى سەلبىي ئوبراز.

نەزەر سالسام، بولۇپ زەردە گۆش،
ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغاندىڭ.
پۈكۈلۈپتۇ قەددىڭ دال كەبى،
نېچۈن بۇنچە دەردكە چۈلغاندىڭ؟!

ئىچىڭ ئاداپ، بولدۇڭ بىئارام،
زەھەر يۇتۇپ سالغاندەك ئەجەب!
چىرايىڭمۇ سېرىق زەپىران،
كۇندىن - كۇنگە كەتتىڭ ھەم جۇدەپ.

ھەسەت ئوتى ئۆرتەپ دىلىڭنى،
ئارام بەرمەس چاققاندەك چايان.
يۈرىكىڭنى مۇجىدى ھەسرەت،
كۆزلىرىڭدىن تامچىلىتىپ قان ...

ھەسەتكە يار بولسا كىم، شۇنىڭ،
يۈرىكىدە مەڭگۈلۈك زېدە.
بىرىلمىگىن ھەسەتكە ئۇنچە،
ھەسەت جانغا چۈشكەن بىر مىتە.

مەيلى ھەسەت قىلساڭ، قىلىۋەر،
ھەسىتىڭدىن پەرۋايىم پەلەك.
بولىمىز تەڭ بۆرىلەرگە يەم،
قول تۇتۇشۇپ ئىناق ئۆتمىسەك.

1996 - يىل 22 - ئاۋغۇست، خوتەن

## ياشلىق

سەن ھاياتنىڭ كۆكلەم مەۋسۇمى،
ئالتۇن چېغى، كۆركى - زىنىنىتى.
سەندە قۇدرەت، ئۆتكۇر ئەقىل جەم،
سەندە پۇتكۇل ئۆمۇر قىممىتى.

ئەقىدىگە، سۆيگۈگە باي سەن،
نەپەسلىرىڭ پۇرقۇيدۇ لاۋا.
گاھ ۋىسالدىن يۇرسەڭ مەست بولۇپ،
گاھ ھىجراندىن باغرىڭ خۇن - يارا ...

سەن بىلىمگە، كىتابقا ھېرىس،
شېرىن سۆھبەت دەملەرنى دېمە.
ھايات گويا دولقۇنلۇق دېڭىز،
جىم تۇرمايدۇ دېڭىزدا كېمە.

1997 - يىل 7 - ئاۋغۇست، بۇلاقسۇ

## باھار ئانامنى ئەسلەتتى

سۆيگەندە باھارنىڭ ئىللىق شامىلى،
«ئانا» دەپ ئۆرۈلدى خاتىرەم بېتى.
ئاپتاپتەك يۇرىكى، قۇياشتەك مېھرى،
لەپىلدەپ ئېسىمگە كەلدى ئۆز پېتى:

ئىمىتكەن سۇتىدەك ئاپئاق تىلىكى،
نۇسرىتىم، بەختىمگە سالدى پاياندار.

ئەجرىدىن ئاغزىمغا سالغان بىلىمى،
ئىقبالىنىڭ كۆكىدە قىلدۇردى پەرۋاز.

ھەر باسقان ئىزىدىن چېچەكلىدى نۇر،
پاك روھى يۆلىدى مېنى ئەرشكە.
كۈيمگە كۆنەلگۈ بولدى ئەللىيى،
ئادەملەر ئىچىدە ئۇ بىر پەرىشتە ...

بارلىقىم - يىلتىزىم، مەۋجۇتلۇقۇم ئۇ،
ئۇ بەردى ئادەملىك قەدرىمنى تۈگەل.
چېچەككە پۈركەندى ئۆمۈر دەرىخىم،
ئۇ ئۈمىد بېغىمنى ياشناتتى گۈزەل ...

1998 - يىل 5 - مارت، قەشقەر

## سەھرانى سېغىنىش

يوقلاپ كەلدىم سېنى يىراقتىن،
ئەقىل - زېھنىم بولغاندا قىيام.
شەھەرلەردىن چېنىپ تۇرساڭمۇ،
دەيمەن سېنى جانىجان ئانام.

بەردىڭ ماڭا ئابىھايات، نان،
بۇلاقلارنى قىلىپ كۈمۈش جام.
تۇپرىقىڭدىن تاپتىم كۈچ - مادار،
ئېقىنىڭدىن ئۆگىنىپ مۇقام.

ئەلگە قۇدرەت زەمزەملىرىڭدە،
ئانام بەرگەن سۈتنىڭ تەمى بار.

بۇلبۇللارغا مەڭگۈلۈك ماكان —
باغلىرىڭدا دادام تەرى بار.

سەن بەرگەننى بىرەلمەس ھېچ يەر،
سەن ياندۇرغان ھاياتىمغا شام.
سەندە چىققان شائىرلىق تىلىم،
ساڭا تالىق قۇچسام شۆھرەت، نام.

سېنى سۆيگەن ئاشىق بالاڭ مەن،
مۇھەببىتىڭ قەلبىمدە قىيام.
شەھەرلەردىن چىنىپ تۇرساڭمۇ،
دەيمەن سېنى جانجان ئانام.

1994 - يىل 27 - ئىيۇل، بۇلاقسۇ

## ئۇدۇمىڭنى ماڭا بەر، بوۋا

گۈلخان ئىدىڭ تۇنۇگۈن تېخى،
يالقۇن چېچىپ تىنماي كۆيەتتىڭ.
مۇھەببەتلىك گۈزەل ھاياتنى،
ياش يىگىتتەك قىزغىن سۆيەتتىڭ.

زېھنىڭ ئۆتكۈر قىلىچ مىسالى،
روھىڭ چاپچىپ تۇراتتى تايدەك.
خىرەلىشىپ قالدىڭ بۈگۈن زەپ،
بۇلۇت توسقان قۇياشتەك، ئايدەك.

يەتتىمۇ پاك روھىڭغا بەرھەم،
يا كۈچۈڭدىن قالدىڭمۇ قېرىپ؟!

پۆت - قولۇڭنى تۇتۇپ قوياي، كەل،
قالغان بولساڭ تالجىقىپ - ھېرىپ.

ئۇدۇمىڭنى ماڭا بەر، بوۋا،
سۆزلەپ تۇرغان چاغدا كۆزلىرىڭ.
ھەقدادىغا يەتكەي ئارمىنىڭ،
ۋارىسىڭمەن، دىلدا سۆزلىرىڭ ...

1998 - يىل 2 - مارت، بۇلاقسۇ

## كىتاب

مەن سەن بىلەن كىچىك تونۇشقان،
يۈرىكىمدە يىلتىزىڭ چوڭقۇر.
قەلب قەسرىم مىسالى زىندان،
سەن بولمىساڭ، چاچمىساڭ گەر نۇر.

قوينۇڭ ھېكمەت تولغان بىر جاھان،
سەندە قۇدرەت، پەزىلەت، خىسلەت ...
سەن يۈرەكتىن سۆيگەن ئۇز جانان،
قوللىرىمدىن چۈشمەيسەن ئەبەد.

گۆھەر ئىزدەپ نەلەردە يۈرەي،
گۆھەر تۇرسا ھەر بېتىڭ ماڭا.
ماڭا ئېسىل گۆھەر كۆرۈنگەي،
قەلبىمدىن جاي بەرگەنلەر ساڭا.

1998 - يىل 6 - مارت، بۇلاقسۇ

## مەجرۇھ ئەقىدە

كىملەر ئېلىپ قاچتى كۆلكەمنى،
ماڭا پۈتمەس دەرد يۈكلەپ قويۇپ؟!
دەردمەن دېگىم كەلمەس ئۆزۈمنى،
ئەمما كەتتىم ھەممىدىن تويۇپ ...

قانداق كەچمىش، نېمە قىسمەت بۇ؟
ئاللىكىم چۈن تۆكۈپ يۈردۈم ياش.
دورا يېگەن بېلىقمەن بۇ دەم،
ئازاب تېغى ئۈستۈمگە ھاپاش.

تېنەپ يۈرۈپ ھەسرەت چۆلىدە،
سوغ تەسەللى كۈتتۈم ئۆزۈمدىن.
مېيىت كەبى سوۋۇدى تىلەك،
ئاتەش نۇرلار كۆچتى كۆزۈمدىن.

كىمنى كۈتتۈم بىلمەيمەن پەقەت،
خىيال قۇشۇم ئاتلاندى يىراق.
سوغۇق تىترەك يېلىنجار بۇ دەم،
قايتۇرۇپ بەر كۆلكەمنى ئوماق!

1995 - يىل 8 - ئاۋغۇست، خوتەن

## ھايات بىر چۈش

كېچە كۆرگەن چۈشۈم مىسالى،
ئۆتۈپ كەتتى ئوتتۇز بەش باھار ...

قورشىۋالدى غەمكىن ئىزتىراپ،
ياغدى بۇ دەم يۈرىكىمگە قار.

قاراپ باقسام تارىخ بېتىگە،
پۈتۈلۈپتۇ ئازابلىق ئۆتمۈش.
ھايات ماڭا تۇيۇلدى گويا،
ئاخىرىنى كۆرەلمىگەن چۈش ...

1998 - يىل 22 - فېۋرال، خوتەن

## قۇتلۇق كۈن خاتىرىسى

بۈگۈن سېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈڭ،
قوللىرىمدا يۈلتۇز چۆككەن جام.
ئىشقىمىزدىن ئوت چاچايلى، كەل،
بولسۇن جۇدۇن پەسلى قەتلىئام.

كۆكتە پارلار كۈمۈش رەڭ سىما،
ھىلال ئايدۇر مىسالى قېشىڭ.
چۈشلىرىڭدىن قوغلاندى لەئىن،
پۈتسۇن ئەمدى ھىجرانلىق يېشىڭ.

ۋۇجۇد لەۋھىڭ سىڭگەچ قۇياشقا،
يۈرىكىمنى ئۆرتەر كۆيدۈرۈپ.
ئەقىدەڭدىن تىلىدىم سۆيگۈ،
ئىرادەڭنى چوققىدا كۆرۈپ.

كەل، ئىچەيلى ۋىسال شارابى،
يېرىلمىسۇن ئېتىقاد چاك - چاك.

ساداقەتتىن نۇرلانسۇن جاھان،
تەڭ قېرىيلى، بىللە ياشاپ پاك ...

1996 - يىل 8 - ئۆكتەبىر، خوتەن

## ئوت ۋە نان

ئالەم تونۇر، مەن يېقىلغان نان،
پىشۇرىدۇ مېنى تاۋلاپ ئوت.
يۈز تۇتىمەن ئوتقا ھەرقاچان،
ئۆرلىسىمۇ بېشىمدىن بۇس - دۇت.

دىل خالانغان خۇرۇچ، خېمىرىم،
چاينىغانغا تالىق مېغىز تەم.
ئوت تەپتى — ئەل ماڭا مەدەتكار،
تاۋلىنىمەن يالقۇندا ھەردەم.

ئوتقا يېقىن تۇرغىنىم بەختىم،
خام قالغان نان بىقسىيدۇ ئاسان.
خەلقىم تاللاپ قىلار «ئىستېمال»،
كۆزگە يېقىن سىڭىپ پىشقان نان.

1996 - يىل 9 - دېكابىر، خوتەن

## كەملىك قىلار بىر نەرسە ماڭا

توققۇز ۇم تەل، (تۇرمۇشۇم غەمسىز)،
يانچۇقتا پۇل، قوتاندا چارۋا.

ئون بارماقتا ئون تىللا ئۈزۈك،
بار ئاستىمدا «سۈزۈكى»[1]مۇ مانا.

هالال تەردە توملانغان يېنىم،
هەم ئۈچلانغان زېهنىم يىگىندەك.
ھۆرمەتلەيدۇ ئەهلى - مەهەللەم،
ياشاپ كەلدىم ئاغا - ئىنىدەك.

لېكىن، كەمدەك تۈيۈلار ماڭا،
بىرلا نەرسە، پەقەت بىر نەرسە.
يۈرىكىمنى يەيدۇ چىركىن دات،
ئەگەر يۈرەر بېشىمدا غۇسسە.

نەدە قالدى سۆيگەن تاڭلىرىم،
بىسىپ كېلەر تاغدەك بىر ئەلەم.
كۈلەلمىدىم قېنىپ بىر قېتىم،
بولغاچ پەقەت بىرلا نەرسە كەم.

باهار كېلىپ، گۈللەر ئېچىلسا،
ماڭا سوغۇق باقىدۇ ئالەم.
هەسرەتكە يار هەربىر دەقىقەم،
بولغاچ پەقەت بىرلا نەرسە كەم.

قۇت تىلەيمەن ئىنتىزار بولۇپ،
ياشىغۇم بار ئادەمدەك هەردەم.

[1] «سۈزۈكى» — «سوزۇكى» ماركىلىق موتسىكلىت.

سۆيەلمىدىم، سۆيۈلەلمىدىم،
بولغاچ ماڭا بىرلا نەرسە كەم.

1996 ـ يىل 27 ـ ئاۋغۇست، خوتەن

## ساڭا چىلاپ باغلاندى دىل رىشتىم، خوتەن

سەن مېنىڭ ئىككىنچى يۇرتۇم — ئۆز ۋەتەن،
سەن مېنى باقتىڭ بېرىپ تۇز ھەمدە پەن،
سەندە تاپتىم كۈچ، ئەقىل، ئۆستۇم تىمەن،
ئەسلى مەھمۇد يۇرتىدىن بولسامۇ مەن،
ساڭا چىلاپ باغلاندى دىل رىشتىم، خوتەن،
شوخلىنىپ يايرىدى سەندە جانۇتەن.

ئۆز كۆرۈپ، قىلدىڭ خېرىدارلىق ماڭا،
نە خېرىدار، بەلكى دوست ـ يارلىق ماڭا،
قالمىدى سەن بىرلە ھېچ ئارىلىق ماڭا،
سەن ئاتا قىلدىڭ ئۇمىدۋارلىق ماڭا؛
ساڭا چىلاپ باغلاندى دىل رىشتىم، خوتەن،
شوخلىنىپ يايرىدى سەندە جانۇتەن.

ياقتى ئوت قەلبىمگە پىر ـ ئۇستاز پەدەر،
تۇتقۇزۇپ قولغا قەلەم، دەپ: قۇچ زەپەر،
باشلىدىم پەرۋاز قىلىپ، شانلىق سەپەر،
ئۆتتى سەندە كۈنلىرىم ساز شۇ قەدەر؛
ساڭا چىلاپ باغلاندى دىل رىشتىم، خوتەن،
شوخلىنىپ يايرىدى سەندە جانۇتەن.

سەندە گۈل ئاچتى ئۈمىد، غايەم مېنىڭ،
سەندە قۇت تاپتى گۈزەل لالەم مېنىڭ،
سەندە ئۆتكەن ھەر دېمىم ئايەم، مېنىڭ،
شۇ سەۋەب باغرىمدا كەڭ ئالەم مېنىڭ؛
ساڭا چىڭ باغلاندى دىل رىشتىم، خوتەن،
شوخلىنىپ يايرىدى سەندە جانۇتەن.

چەكتى دىل خانەمگە گۈل، نەققاشلىرىڭ،
ئاشىقى - شەيدا ھۈنەرگە ... ياشلىرىڭ،
چالسا ساز ھەر مۇترىبىڭ، ئاققاشلىرىڭ،
ئەيلىدى جەۋلان نەپىس رەققاسلىرىڭ؛
ساڭا چىڭ باغلاندى دىل رىشتىم، خوتەن،
شوخلىنىپ يايرىدى سەندە جانۇتەن.

شۆھرىتىڭ ئالەمچە، بىر چۇش كەچمىشىڭ،
داڭقى داستان تا ئەزەلدىن قاشتېشىڭ،
بار يىپەك، ئەتلەس، گىلەم، مول دان - ئېشىڭ،
قالدۇرار ئالەمنى تاڭ ھەربىر كىشىڭ؛
ساڭا چىڭ باغلاندى دىل رىشتىم، خوتەن،
شوخلىنىپ يايرىدى سەندە جانۇتەن.

سەندە ئۆتكەن قارىقاش، ھاجى، نىياز،[1]
قالدى ئۇلار ئەجرىدىن نۇرغۇن باياز،
قوشقىنىڭ خەزىنەمگە سانسىز ھەمدە ساز،
پىركامىللەرگە كان سەن قىشۇياز؛

[1] بۇ يەردە ئەھمەدشاھ قارىقاشى، ئىسمايىل ھاجى، موللانىياز كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ساﯔا چىلى باغلاندى دىل رىشتىم، خوتەن،
شوخلىنىپ يايرىدى سەندە جانۇتەن.

شان تىلەپ قاراقۇرۇم باقتى ساﯔا،
ئابىزەمزەم قىشۇياز ئاقتى ساﯔا،
شوخ يۇرۇﯔقاش گۈل ـ بىزەك تاقىدى ساﯔا،
ھۆر كېلەچەك باقتى، لەۋ ياقتى ساﯔا؛
ساﯔا چىلى باغلاندى دىل رىشتىم، خوتەن،
شوخلىنىپ يايرىدى سەندە جانۇتەن.

سەن مېنىڭ دىلكەش ئانام، ئامراق ئانام،
سەندە بولدى يېتىلىپ ئەقلىم قىيام،
مەﯕگۈ يازسام تەۋسىيىڭ بولماس تامام،
تاپ كامال، ئۆرلە ئېگىز، شان قۇچ داۋام!
ساﯔا چىلى باغلاندى دىل رىشتىم، خوتەن،
شوخلىنىپ يايرىدى سەندە جانۇتەن.

1998 ـ يىل 8 ـ ئاۋغۇست، خوتەن

## سەھرا گۈزىلى

ئويناپ كەلدىڭ سۇمبۇل چېچىڭنى،
لالە يۈزلۈك سەھرا گۈزىلى.
بىر بېقىشتا ئوت سالدىڭ ماﯕا،
پۈتتى شۇئان سۆيگۈ غەزىلى:

ئەي قىياق قاش، بۇلاق كۆز مېنى،
غۇنچە بويۇڭ قىلدى مەھلىيا.

تۇرۇپ قالدىم خىيالغا پېتىپ،
سەن ئادەممۇ، ھۆر - پەرىمۇ يا؟

يوق چىھرىڭدە پەردازدىن ئەسەر،
گۇل يۇزۇڭدە ئوينار نۇر - زىيا.
كىرپىكىڭدە پىلدىرلىغان چاڭ،
گۇلگە قونغان كېپىنەك گويا.

نەزىرىمدىن قىلمىدىم يىراق،
مۇڭداشتىم كۆپ سەن بىلەن ئۇنسىز.
ساددا، ئوماق قىلىق، مىجەزىڭ،
يۇرىكىمگە سالدى ئۆچمەس ئىز.

سەھرادەك كەڭ، تازا قەلبىڭدە،
بارمۇ ئورۇن كىرسەم گەر ئېقىپ؟!
تىڭشاپ كەلدىم قەلب ناخشاڭنى،
ساپ تەرىڭگە باغرىمنى يېقىپ...

ئاڭلا، پۇتتۇم سۆيگۇ غەزىلى،
ئەي چىرايلىق سەھرا گۇزىلى!

## بىر تىزىق مارجان

### قۇسۇر ۋە ئۇچۇر

ئۇ بۇنداقكەن، بۇ ئۇنداقكەن دەپ،
قۇياشتىنمۇ ئىزدەيمىز قۇسۇر.
قۇسۇر ئىزدەش بىلەن ھەلەك بىز،
ئۆتۈپ كېتەر پۇرسەت ۋە ئۇچۇر.

## بۇلاق ۋە ئادەم

يول تېپىپ، كۆز ئاچار ئالەمگە بۇلاق،
توسالغۇ بولالماس ئاڭا تاش - تۇپراق.
تاپالماس يولىنى بەزىدە ئادەم،
گەر تاپسا ئۆتەتتى تۇرمۇشى قۇۋناق.

## تاتلىق ۋە ئاچچىق

يۇزدە يۇزمىڭ تەننازدا چېچەك،
چېكەر ئازاب ۋىجدان ۋە يۇرەك.
شۇنداق قىزىق دۇنيانىڭ ئىشى:
تاتلىق بىلەن ئاچچىق قوشكېزەك.

## بىر ئەدىبكە

ئېلىپ ئەلدىن تاغار، ئەلگە تاۋار بەردىڭ،
بولۇپ ئاددىي چاۋار جۇتلاردا نار بەردىڭ.
غازاڭ يەپ پىلە مەشۇت يىپ چىقارغاندەك،
ئىچىپ سۇ قەلبى چاڭقاققا ئانار بەردىڭ.

## ئەلەم ۋە قەلەم

يۇرىكىمنى باستى تاغ بولۇپ،
تەتۇر قىسمەت، ئاچچىق دەرد - ئەلەم.
تاشنى تېشىپ، بىخ ياردى ئۇمىد،
چېچەكلىدى ئىلكىمدە قەلەم ...

## ئالما سۈندۈم

ئالما سۈندۈم ئەيلىدىڭ قوبۇل،
ئالمىچىلىك يۈرەكنى قوشۇپ.
شادلىقىمغا تار كەلدى جاھان،
ئالما كەتكەچ سۆيگۈمنى توشۇپ.

## ۋاپا ۋە جاپا

ئاتا - ئاناڭ باقتى ئەزىزلاپ،
تارتسىمۇ كۆپ رىيازەت - جاپا.
ئويلاپ باققىن، سەندىن قانچىلىك،
كۆردى ئۇلار ئىنساپ ۋە ۋاپا؟!

## قول

ھالاللاپ ئىشلىشقا يۈگۈر، ئۆگەن قول،
ھارامدىن ئۆزۈڭنى قاچۇر، ھوشيار بول.
بولمىسا يوغىناپ ئىنساپسىز نەپسىڭ،
چۈشىدۇ ئاخىر كويزا، كىشەن، قول.

## ئۈمىد

ئۈمىدتۇر ئىنسانغا ئۈپرىماس قانات،
ئۈمىدكە تولغانلار قىلىدۇ پەرۋاز.
ياشنايدۇ ئۈمىدتىن كۈچ تاپقان ھايات،
باسسىمۇ قۇترىغان دەھشەتلىك ئاياز.

## ئۇ پەرىشتە، ئۇ خىزىر

بىر ئادەم بار، دىللارغا نەقىش ئويار، بەك چېۋەر،
ئۇ پەرىشتە، ئۇ خىزىر ئىنسانلارغا ئىچ كۆيەر.
ئۇ قاراڭغۇ دىللارغا نۇر چاچقۇچى — مۇئەللىم،
سانىلىدۇ جاھاندا ھەممىدىن بەك مۆتىۋەر.

## كۆزلىرىڭ

كۆزلىرىڭ مىسالى قۇتۇپ يۇلتۇزى،
قاراشقا بېرەلمەس ھېچ كىشى چىداش.
بۇلۇتلار قوينىغا مۆكەر كۇندۇزى،
خىجىللىق ھېس قىلىپ ھەتتاكى قۇياش.

## تەھرىرگە

ئولتۇراتتىڭ مۇكچىيىپ ھامان،
ئايرىش ئۇچۇن شاكالدىن مېغىز.
ھۇزۇرلاندىم قەۋەت شادلىنىپ،
مېغىزلارغا تەگكەندە ئېغىز.

# رۇبائىيلار

1

چىققىنىڭ تاغ ئەمەس، پەقەتلا بىر دۆڭ،
ھېس قىلدىڭ چوققىغا چىققاندەك ئۆزۈڭ.
ئېدىرلار ئۈستىدە تاغ بار، ھولۇقما،
تېخىمۇ يىراققا تىكىلسۇن كۆزۈڭ ...

2

ئۆزۈمنىڭ ئەيىبىنى كۆردى ئۆز كۆزۈم،
ئىزدىگەچ نۇقسانىنى ئۆزۈمدىن - ئۆزۈم.
ئەينەكنىڭ ئالدىغا بارمىسام ئەگەر،
ئاقامتى ئۆزۈمنى «ئاق» دېگەن سۆزۈم؟!

3

مەست بولدۇم گاھ خۇشامەت تالقىنىدا،
ئاھ ئۇردۇم گاھى تۆھمەت ئالىقىنىدا.
بولمىدىم شۇنداقتىمۇ يانجىلىپ قۇم،
قوغدالغاچ چىن ھەقىقەت قالقىنىدا.

4

ياخشىلار يولىغا قەلبىم پاياندار،
بىر ئۆمۈر خىزمىتىنى قىپ ئۆلسەممۇ ئاز.
ئۇلارنىڭ قەلبىدە جۇت يوق، سوغۇق يوق،
بېرىدۇ جاھانغا ھامان تەپتى ياز.

5

بەزىدە تۆھمەت - بالا تاپقاي بازار،
توسۇلۇپ ھەقنىڭ كۆزى، يەپ دىل ئازار.
ۋە لېكىن ناھەققە ھەق گۆر كار ھامان،
راستلىغاي شۇملۇق، رەزىللىككە مازار.

6

بىلىملىك بىلىدۇ بىلىم قەدرىنى،
بىلىمسىز تارتىدۇ ئۇنىڭ دەردىنى.
بىلىمنىڭ ئالدىغا ئۆتەر بايلىق يوق،
ئىزدىسە كىم ئۇنى، تاپار بەختىنى.

7

بىر ئۆمۈر پاك ساقلار كىشىنى ئىنساپ،
ئىنساپنى دوست تۇتار دۇرۇس دىلى ساپ.

نائىنساپ ئادەملەر مىسلى ئەجدىھا،
ئېتىدۇ ھەتتاكى دوزاخنىمۇ ھاپ.

8

رەستىدە بىر چوكانغا كۆزۈم چۈشتى،
دەم ئۆتمەي ئاڭا شېرىن سۆزۈم چۈشتى.
قىزىل گۈل ئېچىلغاندا تەستىكىمدە،
يەر قاتتىق، كۆك يىراق بوپ يۈزۈم چۈشتى.

9

ئەل باغرى كەڭ دېڭىز سەن ئۇندا بېلىق،
ئايرىلساڭ قورايدەك قۇرۇشۇڭ ئېنىق.
ئەل ئوتتا كۆيسە كۆي، سۇدا ئاقسا ئاق،
بولمىسۇن ھاياتىڭ پالاقسىز قېيىق.

10

دەردىڭگە داۋا تاپ، ئەي روھىي بىتاب،
بېرىدۇ غايەت كۈچ - ئوزۇق ھەر كىتاب.
ئۇ — ماياك، كۆرسىتەر ئىقبال يولۇڭنى،
بىبەھرە قالساڭ كۆپ چېكىسەن ئازاب.

11

بىلىمسىز — لاي سۇدا لەيلىگەن كۆپۈك،
ۋە ياكى شامالدا توزۇغان پۆپۈك.
مىسالى كېرەكسىز تاش ئۇ، يەرگە يۈك،
يا ئۆرە يۈرگەن بىر تىرىكتاپ - ئۆلۈك.

12

بەزىلەر ئۆلچەيدۇ سىنى نەپ بىلەن،
نەپ بەرسەڭ نەتىجەڭ كۆپەر گەپ بىلەن.
نە قىلسۇن ئۇنىڭدا ۋىجدان ۋە غۇرۇر،
بەرمىسەڭ جۆندەيدۇ ھەرخىل ئەپ بىلەن.

13

كۆرەڭلەپ كەتمە جان، بىر دۆڭدىن ئېشىپ،
بۇ سەپەر بەيگىدە قالما يىپ ئېشىپ.
ياتناققا باش ئېگىپ، سۆرەلسەڭ ئەگەر،
ئېشەككە چاتار خەق بۇرنۇڭدىن تېشىپ ...

14

ئارزۇنىڭ مېۋىسى پىشمايدۇ ئوڭاي،
قۇياشقا بېقىنداپ سالساڭمۇ ساراي.
خوجايىن بولۇشنى ئىزدىسەڭ ئەگەر،
بول ئاۋۋال ئەڭ تۆۋەن خىزمەتكار - مالاي.

15

ھورۇنغا قىلدەك ئىش پىلدەك كۆرۈنەر،
دەيدۇ ئۇ: «تاپىمەن تىلەپ، تۆكمەي تەر».
تەر تۆكمەي تاپقان شۇ نېمەتتە نە تەم؟!
ئۆتىدۇ قەدىرسىز، ھايۋاندىن بەتتەر.

16

كالتە پەم ئاغزىغا كەلگەننى سۆزلەپ،
يۈرىدۇ لاپ بىلەن تاغلارنى تۈزلەپ.
ئاقىللار سۆزلەيدۇ پىشقاندا پىكرى،
مەلۇم بىر مۇددىئا - مەقسەتنى كۆزلەپ.

17

مەي ئىچتىم قاشتېشى جامنى تولدۇرۇپ،
ئۆيۈمدە ئۇلپەتسىز — تەنھا ئولتۇرۇپ.
«مىڭ ياخشى مۇشۇنداق ئىچكىنىم»، دېدىم،
يۈرگۈچە غەيۋەتكە ھەمشېرىك بولۇپ.

18

سانايسەن ئۆزۈڭنى بىلىملىك - دانا،
ئايالىڭ، قىزىڭنى تەڭداشسىز رەنا.

نېمە دەپ ماختانساڭ مەيلى ۋە لېكىن،
دەپ سالما «ئۆزگىلەر دۆت، نادان، ئەما».

19

سالىدۇ ھەر كويغا ئىنسانلارنى پۇل،
پۇل بولسا شەيتانمۇ ئوينايدۇ ئۇسسۇل.
پۇلغىلا باغلىسا بەختنى گەر كىم،
ئۆتىدۇ خارلىقتا، شۇ بولۇپ يوقسۇل.

20

ھەر ئىشنى ئىشلەيمەن ئىشقىمنى بېرىپ،
جان پىدا ئەيلەيمەن ئوت - سۇغا كىرىپ.
نىشانغا قادايمەن مەقسەت تۇغىنى،
ئىرادە تېغىمدا توسقۇنلار يېرىپ.

21

تىكەندىن قورققانغا گۇلدىن ھۇزۇر يوق،
جاپادىن قاچقانغا ھالاۋەت، دۇر يوق.
راھەت دەپ سايىغا قاچسا يازدا كىم،
راھەتتىن مەھرۇم شۇ، كۆزىدە نۇر يوق.

22

ئەقىدە - ئېتىقاد ئەمەس خۇشامەت،
قىلمىدىم ۋىجدانىنى سېتىپ تاپاۋەت.
ھەقىقەت شەمشىرى قولۇمدا ھامان،
ئۇرغۇيدۇ قەلبىمدە ئەلگە مۇھەببەت.

23

شائىر مەن، قولۇمدا قەلەم ۋە كىتاب،
تۇيغۇمدا «ياز!» دېگەن جاراڭلىق خىتاب.
بىر مىنۇت بوش كەتسە بولىمەن بىتاب،
مىڭ چايان چاققاندەك چېكىپ دەرد - ئازاب.

24

باقمايمەن ئۆزگىگە قىلىپ خۇشامەت،
ياراشماس ئەجىرسىز كەلگەن تاج - دۆلەت.
بىراۋغا يېلىنىپ كۆرگەندىن راھەت،
مىڭ رازى تىك تۇرۇپ چەكسەم رىيازەت.

25

ئادەممەن، ھاياتنى سۆيۈپ ياشايمەن،
بىلىمگە يار بولۇپ، كۈلۈپ ياشايمەن.
ئەل غېمى قەلبىمنى ئۆرتەيدۇ ھامان،
بىر ئۇلۇغ ئارماندا كۆيۈپ ياشايمەن.

26

بۇرادەر، قولۇڭغا كەلگەندە ئامەت،
خار - زەبۇن، ئاجىزغا ئەيلە شاپائەت.
غۇم ساقلاپ كىشىگە تۇتسالڭ ئاداۋەت،
پۇشايمان - داغدا سەن كەتكەندە پۇرسەت.

27

تۇغۇلدۇڭ، كەتمىكىڭ بەرھەقتۇر ھامان،
تۆت كۈنلۈك قونالغۇ ساڭا بۇ جاھان.
قالمىسا ئۆمرۈڭدىن ئىزگۇ ئىز - نىشان،
ياد ئېتەر ئەۋلادىڭ نېمەڭ بىلەن، جان.

28

قىلنى پىل دېسە كىم سۆزلەپ ۋارقىراپ،
باھا بەر سۆز ئەمەس، ئىشىغا قاراپ.
كاۋىسىز باراڭدەك باھا - نەرخى پەس،
كىم ئېغىز ئۇچلىسا سۆزگە ئالدىراپ.

29

نادانمۇ ئاقىلغا ئوخشاش يەيدۇ نان،
رەڭگىروي، بوي - بەستى ئوخشايدۇ ھامان.

ۋە لېكىن ئوخشىماس مېھنىتى، نەرخى،
قىممەتتە تەڭ بولغان قاچان دان ـ سامان؟!

30

بەزىلەر مەككىگە باردى، قىلدى ھەج،
يۇرتنى تەرك ئېتىشتى، قىلدى زەرنى خەج.
مەن كەچسەم ۋەتەندىن مىنۇت، تارتىمەن،
مىڭ چايان چاققاندىن بەتتەررەك ھەرەج.

31

چەبدەسلىك، پەرۋازنى بۈركۈتتىن ئۆگەن،
ئىشچاننىڭ ئۈلگىسى چۈمۈلە دېگەن.
بال ھەرە جان تىككەچ يىلدا قىرىق كۈن،
ئۈنتۈماس بىر ئۆمۈر ئۈنى بال يېگەن.

32

ياشلىقنىڭ خىسلىتى، قۇدرىتى تولا،
ئۇلۇغ ئوي يار بولسا ھەر قاچان ئاڭا.
ئىرادە، ئېتىقاد قىلدۇرار پەرۋاز،
بېرىلمە ھەۋەسكە، دەم قىممەت ساڭا.

33

يالغان گەپ مىسالى مېۋىسىز چېچەك،
مېۋىسىز چېچەك — خەس، يوق قىممەت بىشەك.
ھەقىقەت بار يەردە بازىرى كاسات،
بولغاچقا ئەسلىدىن ئۇرۇقى پۇچەك.

34

سەن دېدىڭ: «مۇھىمى سۆپەت، ئەمەس سان»،
مەن دېدىم: «سانلاردىن شۇ سۆپەت ئايان.
بۇغداينى باغرىدا ساقلاپ غول ـ سامان،
بەرمىسە جان ـ ئوزۇق، نەدە ئالتۇن دان؟».

35

كۆن ئايغا، ئاي يىلغا بولىدۇ ئاساس،
پەخەس بول، ئۆمرۈڭگە ئۇ كۆشەندە خاس.
«ئۆلۈش»تىن قورقساڭ گەر، تۆھپە، ئۆتۈقتىن،
يىللارنىڭ بوينىغا گۈلچەمبىرەك ئاس!

36

ئوخشايدۇ ئۆمرۈڭ ئاق قەغەزگە گويا،
تولدۇر نۇر - ھېكمەتكە، تەرىگدە بويا.
بولمىسا ئالماستەك دىيانەت، ۋەزنىڭ،
شاللايدۇ بۇ دەۋر ساناپ شۇمبۇيا.

37

ياز ئۆتسە، كۈز كېلەر، يېشىللىق سولار،
ئايلىنىپ قىش كېتىپ، كېلەر ئۇز باھار.
ئۆمۈرنىڭ باھارى قايتىلانمىغاچ،
قەلبىمگە ھەسرەتنىڭ شارابى تولار.

38

چۆرگىلەپ تارىخنىڭ چاقى تىنىمسىز،
سۆرىلىپ يۈرگەننى يانجىيدۇ شەكسىز.
ئاقىللار يىراقنى كۆرگەچكە ھامان،
كەلكۈن سۇ كەلگىچە توغان سالار تېز.

39

ھەر ئىنسان جاھانغا بىر ئېسىل مېھمان،
ھاياتلىق ئاڭا كەڭ، ئەلۋەك داستىخان.
ھەر كىم ئۆز رىزقىنى ئالىدۇ ئۇندىن،
قانچىلىك تەر تۆكسە، شۇنچىلىك ھامان.

40

مۇئەللىمەن، مەرىپەتنىڭ ئاشسا جانى،
باغرىم يېقىپ دەيمەن «بىلىم—بايلىق ماكانى».

كىچە - كۈندۈز قىزىپ پۈتمەس دۇر - جاۋاھىر،
تارتۇقلايمەن شاگىرتلىرىم — ئابىھاۋانى.

41

پۈكمەيمەن دۈشمەنگە تىز دار ئالدىدا،
باغلاقلىق بوينۇم قىلدا يار ئالدىدا.
كېچىمەن ئەلنى دەپ ئوت دېڭىزىنى،
تۇرماستىن مەڭدەپ شۇ ئوت - نار ئالدىدا.

42

مۇئەللىم مىسلى تاغ، يەت ئاڭا يۆلەن،
پېشىنى مەھكەم تۇت، ئۇنىڭدىن ئۆگەن.
چىقىرار ئۇ سېنى يۆلەپ ئەرشىگە،
ۋاقىتىنىڭ ئېتىغا سالساڭ گەر يۈگەن.

43

قالساڭمۇ ھەق يولدا مېڭىپ جاپاغا،
ۋاز كەچمە! بەرداش بەر تەنە - تاپاغا.
ھەقىقەت قۇياشى پارلايدۇ ئاخىر،
بولساڭلا چىن سادىق ئەھدە - ۋاپاغا.

44

چاغلايسەن مېنى بىر نادان بالا دەپ،
بويۇنتاۋ، ئاقىنانچى، ئىشى چالا دەپ.
شۇندىمۇ ئەنسىرەپ، قىلىسەن گۇمان:
ئەزەلدىن ئۇنىڭكى كۆڭلى ئالا دەپ ...

45

كۆرسىتىپ بىرىشەر خەقلەر يولۇمنى،
يېتىلەپ مېڭىشار ھەتتا قولۇمنى.
قاچانمۇ پەرق ئېتىپ ئوڭ ۋە سولۇمنى،
قىلغۇدەك بولۇرمەن جارى رولۇمنى؟!

46

رازىمەن راست سۆزلەپ بېشىم كەتسىمۇ،
بۇ يولدا مىڭ قېتىم قازا يەتسىمۇ.
چىڭ باغلاي ھەقىقەت كەمىرىدە بەل،
نامەردلەر تېنىمنى تالقان ئەتسىمۇ.

47

ئەمەل تاجى قونغىنىدا بېشىمغا،
يېغىپ كەتتى «دوست»، «تۇغقان»لار قېشىمغا.
كەتكىنىدە تاجۇتەخت ئىلكىمدىن،
ئوغا تاشلاپ قاچتى ئۇلار ئېشىمغا.

48

ئوينايمەن شامالغا بېقىپ مەن ئۇسسۇل،
دەسسەيمەن ھەر قىسما ھەتتا ئوڭۇسول.
ۋىجدانىنىڭ گېپىنى چىقارسا بىراۋ،
سورايمەن: ۋىجدانىنىڭ جىڭى نەچچە پۇل؟ ...

49

«چالما» دەپ بىرسى مېنى ئاتتى يىراق،
«ئالما» دەپ بىرسى پۇۋلەپ ئالدى، بىراق.
مەۋجۇت بۇ ئالەم مۇسبەت - مەنپىي بىلەن،
سەن ئەزىز، مەن خار ئەمەس مەڭگۈ - ھېچ ۋاخ.

50

دوستۇڭنى ئەيىبلەپ، سۆكەلىگىنىڭ،
كۆيۈنۈپ، چىن كۆڭۈل بۆلەلىگىنىڭ.
سالغىنىڭ يۈزىگە نۇقسانلىرىنى،
ھەقىقىي دوستلۇقنى بىلەلىگىنىڭ.

51

ئالماشتى تۆر پەگا، پەگا بولۇپ تۆر،
بولدى پەش ياقىلار، پەشلەر ياقا، كۆز.
پەلەكنىڭ قىسمىتى ئاجايىپ ئىكەن،
كېلەركەن نېمىنى كۈتسە شۇ تەتۈر ...

52

قىلسا كىم بىر نۆۋەت ساڭا چىن ھۆرمەت،
مىڭ قېتىم قىل ئاڭا ھۆرمەتتە خىزمەت.
كۆمۈلۈپ كېتىسەن نەپرەت تېشىغا،
خىزمەتكە قوشۇلسا تەنە ۋە مىننەت.

53

ماڭدى بىر مەست رەستىگە سەككىز يېزىپ،
گاھ پۇچۇق، گاھ ساق ھەرپتە سۆز تىزىپ.
بىھايال ئەتتى ئۇماچ، ئاغزى - يالاق،
كەلدى ئىتلار، كەتتى دەم بەزمە قىزىپ.

54

مەي ئىچسەم نوچىمەن — يۈرىكىم قاپتەك،
قىلار كۈچ - قۇدرىتى يۈزۈمنى داپتەك ...
كىم نوچى بولغان شۇ مەي خاسىيىتىدىن؟
گاھ لايغا مىلىنىپ ياتىمەن تاپتەك.

55

شال تۇرغان تاغاردا ياتمايدۇ تېرىق،
ساق قالماس بىر دەريا سۇ كىرسە ئېرىق.
ھارام يەپ سەمرىگەن جانلارنى بىر كۈن،
مەھشەرگە ئۇزىتار كىچىك قىلتىرىق.

56

ھاجىتىڭ چۈشكەندە بولۇپ مېدۇزا،
كەلدىڭ سەن، تۇلكىدەك ھىجىيىپ گويا.
ئېشىكىڭ كۆۋرۈكتىن ئۆتتى، جوۋىدىڭ،
ئېيت، قېنى سەندىكى ساداقەت، ۋاپا؟!

57

ياخشىدىن ئۆگەن، قاچ ياماندىن نېرى،
گۈل بولۇپ ئېچىل، چاچ خۇشبۇي كۈنسېرى.

«مەن» دىن كەچ، چۆلدىكى زىلال بۇلاقتەك،
ئۆزگىگە نەپ بەر، باشتىن - ئاخىرى.

58

ھەركىمگە بار ھاياتنىڭ ئىمتىھانى،
چىقىدۇ ئۇزۇپ، تارتقان كۆپ جاپانى.
ئەكسىچە راھەتكىلا بېرىلگەننىڭ،
ئارتىدۇ ئاقىۋەتتە دەرد - پىغانى.

59

ئاتام بار، ھېچ غېمىم يوق، يېتىپ يەيمەن،
ئەقلىمنى مەي، گۆشلەرگە قېتىپ يەيمەن.
مەن ئەركە ئوغۇل، يوقتۇر ئىشقا خۇشۇم،
باشقا كۇن چۇشسە ئۆيىنى سېتىپ يەيمەن.

60

مىننەتلىك سۇت ئىچىپ، يېگەندىن پولۇ،
مىڭ ياخشى زاغرا يەپ، ئىچكىنىم لاي سۇ.
ئۆزگىنىڭ شاھ قەسرى، ئالتۇن تەختىدىن،
ئەۋزەلدۇر ئۆز كۇلبەم ئاددىي بولسىمۇ.

61

بولىدۇ دوست كۆنلۈك يازدا بېشىڭغا،
كېلىدۇ ئوت بولۇپ قىشتا قېشىڭغا.
دەردىڭگە ھەمشېرىك، ھەمدەرد ۋە لېكىن،
كۆز سالماس ئاچ قالسىمۇ، ئۇ ئېشىڭغا.

62

ئالاردا كېلىسەن كۇلۇپ تۇلكىدەك،
بېرەردە ئۆڭىسەن نېچۇن ئۆلگۇدەك؟
«ئېلىپ، بەر» يوقمۇ سەن ئوقۇغان باپتا،
يوقمۇ يا دىت - ئەقىل بۇنى بىلگىدەك؟!

63

داۋانغا ياماشتىم چوققىنى كۆزلەپ،
چىقاردى دوستلىرىم تارتىپ ھەم يۆلەپ.
شوتا بوپ ئۆرىگە يۆلىگەنلەرنى،
يىقىتتىم مەيدىگە تېپىپ بىر - بىرلەپ.

64

گۈل گۈزەل يىلتىزى بولغاچقا يەردە،
ئادەمنىڭ قىممىتى تۆككەن پاك تەردە.
تارىخنىڭ نۇرانە بەتلىرىگە باق،
مېھنەتسىز ئۆمۈرنىڭ ئىزى قەيەردە؟

65

ئىچۈردۈڭ ماڭا شاراب سالا بىلەن،
گاھى راست، گاھى يالغان - يالا بىلەن.
كەتتى ھوش، سۆيدى ئىتلار، جان «يايرىدى»،
بىر كېچە قۇچاقلىشىپ خالا بىلەن.

66

نادانغا كۆرۈنەر ئوخشاش ئاق - قارا،
تاش بىلەن پەرقسىز زەر، ئالماس ئاڭا.
ئەگرىنى تۈز كۆرەر، تۈزىنى قىڭغىر،
كۆزىدە چاپاق يوق، قەلبىگە قارا!

67

يۈكسىلىش تاپ دېدىڭ: ئىلىم - پەن بىلەن،
ئىلىمگە ھۆددىگەر پىر - باغۋەن بىلەن.
بولمىسا نادانلىق ئىلكىدە قاقشاپ،
قالىسەن مەڭگۈگە جۇل كېپەن بىلەن.

1995 ـ، 1998 ـ يىللار، خوتەن - بۇلاقسۇ

# تۆيۇقلار

1

ئانا سۈتى بەك ئۇلۇغ، قان جەۋھىرى، ئاق، بالا،
كۆيۈپ ھامان ئوتىدا، سۆلىرىدا ئاق، بالا.
كۆز يۇمسا كىم ئانىنىڭ ھالال تەرى ـ ئەجرىگە،
ئەما بولۇر كۆزىگە چۈشۈپ بىر كۈن ئاق، بالا.

2

نەۋ باھار كەلدى ئاكا، ئاچىق ئېتىزغا قوش، دېدىم،
ئىشلىسەڭ پەيتنى تۇتۇپ بەختىڭ بولۇر جۈپ ـ قوش، دېدىم.
ئەيلە پەرۋىش مايسىلارنى يەتكۈزۈپ ھەقدادىغا،
مول ھوسۇلدىن تاغ ياساپ خەلقىڭگە تۆھپە قوش، دېدىم.

3

بول قۇياش، نۇرۇڭنى چاچ ئەلگە، تۇمانلىق جۇتنى سۈر،
دۈچ كېلىپ قالساڭ خەتەرگە باسمىسۇن ھەرگىزمۇ سۈر.
ئەل ساڭا دائىم مەدەتكار، پاسىبان، ھەمدەم ـ يۆلەك،
يارىتىپ چىن تۆھپە، شادلىق پەيزىنى ئەل بىرلە سۈر!

4

باغلىنىپ قالدىم ساڭا ئۇزلۇقتا تاق بىر تال كۆرۈپ،
يۆگىمەچتەك چىرمىشىپ كەتتىم بېلىڭنى تال كۆرۈپ.
بولدى تەسلىم بۇ كۆڭۈل يادەك قېشىڭغا ئەي پەرى،
كۆزلىرىڭنى قورشىغان كىرپىكلىرىڭ تال ـ تال كۆرۈپ.

5

قوشۇلدى ھەر يىلى ئۇنىسىز كېلىپ بىر ياش قەدىم ياشقا،
ئېرەن قىلماي كۆزۈمدىن سەل بولۇپ ئاققان سۈزۈك ياشقا.
تېخى ئاگاھ بېرىپ ئېيتتى: كىشى ئۆمرى ھامان چەكلىك،
ئەجەلنىڭ ئوقلىرى باقماس ئەزەلدىنلا قېرى ـ ياشقا.

6

كۆڭۈلنىڭ كەيىنگە كىردىم ـ ھەۋەس دەرياسىدا ئۈزدۈم،
ھالال جۈپتۈم، بالا، ئۆيدىن كۆڭۈلنىڭ رىشتىنى ئۈزدۈم.
بىساتىنى تولۇق دوغا تىكىۋەتكەن قىمارۋازدەك،
غېرىب بولدۇم، ئەقىل تاپتىم، ھەۋەستىن ئەمدى قول ئۈزدۈم.

7

پۇشايماندىن ئەقىل كىردى غېرىب ـ مىسكىن، ساياق باشقا،
بىلىپ يەتتىم چىراي باشقا ئىكەن، ئەسلى گۈزەل باشقا.
گۈزەللىككە مىزان قىلسا، ئەگەر كىم قاش بىلەن كۆزنى،
ئۇنىڭ سۆيگۈ ئىشى چىقماس ۋۇجۇدقا ـ تا ئەبەد باشقا.

8

تېرەيلى، قالمىسۇن ھەرگىز ئېتىزدا زادى بىر تال باش،
بولايلى ھەممە ئىشتا تەڭ خەلققە ئۈلگە ـ ئۆرنەك، باش.
غېمىنى يەيلى ھەر دائىم قېرىنداشلارچە ئەۋلادنىڭ،
زەپەر قۇچماققا ھەر ئىشتا تۆرەيلى يەڭ، قوشۇپ ھەم باش.

9

ئۈمىد ـ ئارزۇ بىلەن باقتىم، كۆرۈندى ئۈز ـ گۈزەل، ئالدىم،
تىزىپ ئۈنچە، تۈتاي ئەلگە دېدىم، قولغا قەلەم ئالدىم.
گۈزەل ئارزۇ ـ تىلەكلەرگە يېتىشمەي قالدى دەرمانىم،
پېتىپ قالماي ئۈمىدسىزلىك لېيىغا، پەن ـ بىلىم ئالدىم ...

10

چالما ئەمدى كەلسە ـ كەلمەس پەدىلەرگە، سازنى تۈز،
ھېچقاچان كۈچ تەسىر بىسز ئەگرى بولماس ئەسلى تۈز ...
ئەگرىلەر تۈزلەندى دوستۇم، كۈلدى شاد ئاسمان ـ زېمىن،
بەلنى مەھكەم باغلا قايتا، ئەڭ ئاۋۋال سەۋەننى تۈز ... !

11

چىلىشار سۇغا تىلەك، مەقسەت ئەگەر ئۇ «ياق» دېسە،
ھېس قىلاتتىم قۇت ـ بەخت «كۆكرەكنى مۇزغا ياق» دېسە.

رازىمەن كىرسەم دوزاختا گۈل سۈپەت جانان ئۈچۈن،
«جىن - شاياتۇن ئوردىسىنى ئۆرتە، ئوتنى ياق!» دېسە...

12

ئەقىل تاپتىك چوك بولۇپ، يامان يولدىن يان، دېدىم،
ئەل ئىشقىدا كۆي هامان گۈلخان بولۇپ يان، دېدىم.
ئەجىر قىلساڭ قۇت - بەخت كۈلۈپ باقار هەر ياندىن،
ئىقبال قىزى ئۇ چاغدا كېلەر يانمۇيان، دېدىم.

13

تاپمىدىم ئەسلا راۋاج بار شادلىقىم مەيدە، — دېسەم،
تەگدى قاتتىق شايى - ئەتلەسمۇ ماڭا، مەيدە[1] دېسەم.
باغلىغاچقا هەر قاچان قۇت - ئامىتىمنى جامغا مەن،
قۇچمىدى هېچكىم مېنى، ياق بىر قېتىم مەيدە دېسەم.

14

يەرنى رۇس قىلماق ئۈچۈن دېهقان ئاڭا سالدى تاماق،
ئىشلىدى قۇلدەك ئاۋۋال، ئاندىن يېدى بەگدەك، تاماق.
«ئۈجمە پىش، ئاغزىمغا چۈش» دەپ بىر مەهەل ياتقانىدىم،
پۈۋلەپ ئىچسەممۇ دوغاپنى كۆيدى، ئەمما تىل، تاماق...

15

كۆز تىكتىم يولۇڭغا تاقەت بولدى تاق،
هەممە جۈپ دۇنيا پەقەت مەنلا تاق.
دېمەيدۇ هۆرۈنغا هېچكىم هېچقاچان،
بۇ بىر تال گۈلۈمنى سەن كۆكسۈمگە تاق.

16

بىر ئادەمنى كۆپ بوغۇملۇق چايان چاقتى،
بىر ئادەمنى باشلىقىغا بىرى چاقتى.
تېز ئەسلىگە كەلدى چايان چاققان كىشى،
دەردمەن بولدى يەنە بىرى كېسەل چاقتى.

---

[1] مەيدە — قەشقەر شېۋىسىدە يۇمشاق دېگەن مەنىدە.

17

كەلدى كۆكلەم، قوشچى ھۆشكە ... تاپ دېدى،
ماڭا تۇيغۇم: ئەمدى ئەقلىڭ تاپ دېدى.
بولمىسا تۆھپەڭ زېمىننىڭ يۈكىسەن،
يا ئۆرە يۈرگەن سېسىق بىر تاپ دېدى.

18

ئايدا ئون بەش كۈن بولار تۈن قاپقارا،
بولما بىخۇد، سال نەزەر، ھەر يان قارا.
ئاق كۆڭۈل دوستلار ساڭا كۆيدۈرسە جان،
كىردۇ پوستۇڭغا شۇم كۆڭلى قارا.

19

چىق سەپەرگە سەنمۇ ئات ھارۋاڭنى قات،
يەڭ، جاپا كەلسە يوپۇرۇلۇپ قاتمۇ قات.
يەڭ تۇرۇپ چىقتى جىمى سەپ بەيگىگە،
قولغا ئال ئۆتكۈر قەلەمنى، كۈيگە قات!

20

كارغا كەلمەس بولمىسا كەتمەندە ساپ،
دات باسار گەر بولمىسا ئالتۇنمۇ ساپ.
ئەردىن مۇستەسنا ئەمەس ھەر خىل كۆرۈم،
باغلا بەل، پۈشقاقنى تۇر ھەم يەڭنى ساپ ...

21

چىن ئەقىدە ئۈچۈن تاغ ئاش، سۇلار كەچ،
كىمنى سۆيدۈڭ ئۆيدىن چىققان ئاشۇ كەچ؟!
يېتەي دېسەڭ جانانىڭنىڭ ۋەسلىگە،
مەڭدىمەستىن شېرىن - تاتلىق جاندىن كەچ!

22

مېۋىلىك شاخ ئېگىلىدۇ پەس،
ئادەملەرنى دەيمىز: ئېسىل، پەس.

ئەل ئىشقىدا يانمىغان كىشى،
مىننەت قىلار ئىش قىلسا بىر پەس.
23
ئادەمدەك ياشاش چۈن تىنماي يۈگۈر - چاپ،
مۈشكۈللەر تېغىنى غۇلات، تۈزلە - چاپ.
دوستلارغا يول ئېچىپ ئىلگىرىلىسەڭ تېز،
كۆپ بولار خېرىدار، بازىرىڭ چاپ - چاپ.
24
دوستلارغا كۆڭلۈڭدە ساناپ سەن قارا،
تۈيدۈرماي يۈزىگە سۈركەپسەن قارا.
ئۆتىنگە لاپقۇت بۇ مۈرەككەپ ئالەم،
ئەقلىڭنى ئىشقا سال، ئەتراپقا قارا.
25
تاقىتىم تاق بولدى، يەتتى چەككە ئۇ،
شۇنچە كۈنلەر كەلمىدى بىر چەككە[1] ئۇ.
ئەمدى بىلدىم، ئوت بولۇپ كۆيگەنىكەن،
مەن ئەمەس، يانچۇقتىكى پۇل - چەككە ئۇ.
26
بەردى تەڭرىم تەلىيىمگە بىر بالا،
بۇ بالا بولدى بېشىمغا مىڭ بالا.
دەرد مېنىڭ قەددىمنى قاقشال ئەيلىدى،
قىل ئۆيۈڭگە ۋاسا ياكى لىم - بالا.
27
كەڭ ئالايلى سولنى، باشلاپ ئورمىنى،
جىلۋە ئەيلەپ دەر باشاقلار: «ئورمىنى».

---

[1] چەككە — قەشقەر شېۋىسىدە پەقەت، بىر قېتىم دېگەن مەنىدە.

بىشىمىزغا سايە تاشلاپ تۇرىدۇ،
كۆككە بوي سوزغان بولۇق باغ ئۇرمىنى.

28

سانىما دوستۇڭغا قارا، ئەي بالا،
تۇپتۇز ئۆس، بولغۇدەك ئۆيگە لىم - بالا.
ئۆزىنى چاغلىماي شىلتىڭ ئاتسا كىم،
تاپىدۇ بېشىغا تۇگىمەس بالا.

29

چىن دوستىنىڭ يۈرىكى سوقىدۇ باشقا،
دوستلۇقنى قەدىرلەپ چىقار بىر باشقا.
ۋاپاسىز دوستلاردىن قىلمىساڭ ھەزەر،
ئاخىرى بىر كۈنى چىقىدۇ باشقا.

30

بىلىم ئال، داۋان ئاش، مەيلى جاپا چەك،
يىغ قەترە - قەترىدىن زېھنىڭگە گۈل چەك.
بايلىق شۇ سەن ئۈچۈن قىممىتى چەكسىز،
باسالماس ئورنىنى مىليون سوملۇق چەك.

31

مۇلايىم بول دېسەم، بولما ياۋاش قوي،
ئەجرىڭدىن دەشتلەردە باغ قىل، كۆچەت قوي.
بېشىغا كۈن چۈشكەن مەزلۇم - زەبۇننى،
پىلسىرات كۆۋرۈكىدىن ئۆتكۈزۈپ قوي!

32

رەڭ - بوياق تەگمىگەن قەغەز ئىدىم ئاق،
تاشلىدى پۈرلاپ، نىجىس «ئالۋاستى ئاق.»
دەرد - ئەلەمدە كۆز يۇمۇپ كەتتى دادام،
جان ئانامنىڭ كۆزلىرىگە چۈشتى ئاق...

33

ئەل ئوتىدا كۆي، سۈيىدە بىللە ئاق،
قويما ئۆمرۈڭ بەتلىرىنى مەڭگۈ ئاق.
ئەرزىمەس بىر سىنتقا چىھرىڭ ئاقلىقى،
بولمىسا قەلبىڭ گۈزەل، بىغۇبار - ئاق.

1991-، 1993- يىللار، بۇلاقسۇ-ئۈرۈمچى

# تەجنىسلەر

1

ئۇيغۇر قىزى ساڭا زىننەت ئۇزۇن چاچ،
كىملەر دىدى: ئەنئەنەڭنى بۇزۇپ - چاچ؟! ...

2

ئوتقا سال، ئۆرتە ھەسەتنى، ئەيلە كۈل،
قۇرىسۇن تەگ - يىلتىزىدىن، شۇندا كۈل!

3

توخۇدىن دان ئاشماس، مۇشۇكتىن ھەم بەز،
مۇشۇكتەك بەز ماراپ يۈرگۈچىدىن بەز!

4

قۇچىقىڭ مىسالى جەننەت، بۇلاقسۇ،
ئۇرغۇيدۇ كۆكسۇڭدىن پۈتمەس بۇلاق، سۇ.

5

سۆيدى ئالەم سىنى يارىتىپ،
قالدۇرۇپ كەت تۆھپە يارىتىپ.

6

دۈشمىنىڭنىڭ بۇرنىنى قانات،
بول خەلقىڭگە مەڭگۈ قول - قانات!

7

پىشتى باغدا قىزىرىپ ئالما،

باغۋەنىدىن سورىماي ئالما!

8

ئەل ئوتىدا كۆي، سۆيىدە بىللە ئاق،

بول ھەمىشە ئەلگە سادىق، كۆڭلى ئاق ...

1992 - يىل ماي، ئۈرۈمچى

**图书在版编目(CIP)数据**

与泉随想:维吾尔文/阿不都热依木·祖农著. —乌鲁木齐:新疆大学出版社,2000.9

ISBN 7 — 5631 — 1274 — X

Ⅰ. 与… Ⅱ. 阿… Ⅲ. 随笔—作品集—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.1267.1

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2000)第 51098 号

**与泉随想**

**阿不都热依木·祖农　著**

新疆大学出版社出版发行
(乌鲁木齐市胜利路 14 号　邮编:830046)
《喀什日报》社印刷厂印刷
850×1168 毫米　1/32 开本　5.5 印张
2000 年 9 月第 1 版　　2000 年 9 月第 1 次印刷
印数:0001—3500

ISBN 7 — 5631 — 1274 — X/I·208
定价:9.50 元

1990 - يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن «ئۈمىدلىك يول» (باشقىلار بىلەن بىرلىكتە) ناملىق كىتابى نەشر قىلىنغان. «ئارزۇ بوستانى»، «مۇھەببەت لىرىكىلىرى» قاتارلىق سەككىز پارچە كىتابقا ئۇنىڭ شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن.

ئۇنىڭ تۈزگەن ۋە تەرجىمە قىلغان ئەسەرلىرىدىن: «ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىدىن ئومۇمىي بايان»، «ماركسىزملىق پەلسەپە قائىدىلىرى»، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»، «تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئەدەبىيات ئاتالغۇلىرى لۇغىتى» (باشقىلار بىلەن بىرلىكتە)، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا قائىدىسى» قاتارلىق دەرسلىك ۋە پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى نەشر قىلىنغان.

شائىرنىڭ بۇ كىتابىغا، ئۇنىڭ يېقىنقى يىللاردا يازغان بىرقىسىم شېئىرلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلدى.

ئۇنىڭ بىرقىسىم ئەسەرلىرى ئاپتونوم رايون ھەم ۋىلايەت بويىچە ئەدەبىيات ئىجادىيەت مۇكاپاتلىرىغا ئېرىشكەن. ئۇنىڭ ئوقۇتۇش ۋە ئىلمىي تەتقىقات جەھەتلەردىكى نەتىجىلىرى ئالاھىدە بولغاچقا، دۆلەتلىك مائارىپ كومىتېتى تەرىپىدىن «زېڭ شەنجىيې فوندى 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

ئۇ، ھازىر شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى، خوتەن ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئۇ «جۇڭگودىكى مەشھۇر كىشىلەر قامۇسى» قاتارلىق كىتابلاردا تونۇشتۇرۇلغان.



责任编辑：库尔班·阿西木
责任校对：玉山江·艾司卡尔
封面设计：艾克拜尔·萨里

ISBN 7-5631-1274-X

9 787563 112746 >

ISBN 7-5631-1274-X
I·208（维文）定价：9.50元